

6

1991

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION




新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文） 1991 - يىل 6 - سان (قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

编辑：《新疆文化》编辑部·出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆·印刷：《新疆日报》印刷厂·发行：乌鲁木齐市邮局·订阅：各地邮局（所）·

شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت
ۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك
رچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/1

本刊代号：58－22 定价：伍角

ەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1
اكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

40 - يىل نەشرى    1991 - يىل 6 - سان (ئومۇمىي 193 - سان)

## بوستاندا

ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى
ۋە گۈللەندۈرەيلى...................................مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئۇيغۇرشۇناسلىق چەتئەللەردە

ئۇيغۇر مۇقامى ياۋروپا سەھنىلىرىدە ..........................ئەمەتجان ئەھمەدى 11

## مەدەنىيەت-سەنئەت گۈلشىنى

سەنئەت خەۋەرلىرى.......................ئىبراھىم پەخرىددىن ، ئابلىز ئابدۇرېھىم 15

## ئەدەبىيات گۈلزارى

كېچىنىڭ كۆزى..........(ھېكايە)..........ئەختەم ئۆمەر 18
دولقۇنلار ساداسى..........(« »)..........سەبرى 30
ئېزىتقۇ..........(« »)..........قاھار جېلىل 45
ئەۋلىيا ئوت..........(« »)..........ئابدۇللا ساۋۇت 61
تەسىرات دېڭىزىدىن تامچىلار..........(شېئىرلار)..........ئەنۋەر داۋۇت 43

## سەھنە ئەسەرلىرى

دىتى بار خوتۇن..........(سەھنە ئېپىزوتى)..........ئاپرېل سەمەت قىزى 55

مۇقاۋىدا: داپ ئۇسسۇلى (ماي بوياق) ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان. مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: ياشلىق كۈيى، رۇستەم ئابلىز فوتوسى. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بوستاننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرىداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى (تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى)






— شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1991 - يىللىق تىياتىر كۆرىكىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

يولداشلار، دوستلار:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش ۋە شىنجاڭ تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1991- يىللىق تىياتىر كۆرىكى 10 - ئاينىڭ 2- كۈنى باشلىنىپ بۈگۈن غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

توققۇز كۈن داۋاملاشقان بۇ كۆرەكتە 14 سەنئەت ئۆمىكى، 15 پارچە سەھنە ئەسىرى تاللاپ قاتناشتۇرۇلۇپ، 36 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، تاماشىبىنلارنىڭ سانى 30 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى كۆرەك پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا

گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىقىغا بېغىشلانغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى خاتىرىلەش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە مول مەزمۇن قوشۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان تىياتىر ئەسەرلىرىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلغانلىقى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى، سوتسىيالىستىك دەۋر روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلغانلىقى، تارىخىي چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىپ يېڭى تۆھپە قوشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتە «بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجادىيەتتە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئالاقىدار كۆرسەتمىلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۆتكەن يىل ئەتىيازدا تىياتىر ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچقان ۋە بۇ يىل تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى خىزمەت پىلانىنى بېكىتكەن ئىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلدى. ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى جىددىي ھەم جاپالىق رېپېتىتسىيە قىلدى. بۇ يىل 8 - ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە 20 سەنئەت ئۆمىكى 21 كېچىلىك تىياتىر تەييارلىدى. كۆرەك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تاللىشى، كۆرەك تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە تىياتىر «قەبرى يىگىتنىڭ تويى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە دراما «ئەزىزە»، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە دراما «ۋىجدان سوتى ئالدىدا»، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان ئۇيغۇرچە دراما «ئۆركەشلە، سۆيگۈ دەرياسى»، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى تەييارلىغان «مەلىكە جېيى يۇ»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «غەربىي رايون ئاسمىنىدىكى ھەسەن - ھۈسەن»، شىخەنزە شەھەرلىك يۈجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «يۇرتداشلىق مۇھەببىتى»، ئىلى ئوبلاستلىق دراما ئۆمىكى تەييارلىغان «تاغبالا»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان «سالام، ئاقسۇ»، شىخەنزە شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۇھەببىتى»، بىڭتۇەن 9 - شى يۈجۈ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «غەربىي رايونغا مۇھەببەت»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چىنجۇ

تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «لىن جىلۇ»، قۇتۇبى چۇيزى تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «باج ئەمەلدارىنىڭ يېزىغا بېرىشى»، «قۇدىلارنىڭ كۆرۈشۈشى»، قۇمۇل ۋىلايىتىلىك چىنجۇ تىياتىر ئۆمىكى تەييارلىغان «يېشىل مەرۋايىت» قاتارلىق 15 پارچە تىياتىر ئەسىرى يەنى تۆت مەيدان ئۇيغۇرچە دراما، تۆت مەيدان خەنزۇچە دراما، يەتتە مەيدان چىنچاڭ، يۆجۇ، شىنجاڭ چۇيزى تىياتىرى كۆرەككە قاتناشتۇرۇلدى.

بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرمەكتىمىزكى، شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر تىياتىر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مەدھىيىلەنسە، بەزىلىرىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئەسلەنگەن؛ بەزىلىرىدە تارىخ ئېقىمىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۈزلىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش مەدھىيىلەنسە، بەزىلىرىدە جياۋيۈلۇچە ياخشى كادىرلار مەدھىيىلەنگەن؛ يەنە بەزىلىرىدە ئۆتكۈر بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن سەلبىي ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر رەھىمسىز تەنقىد قىلىنغان. خىلمۇ خىل ژانىرلاردىكى بۇ تىياتىرلار ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى، ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەھنىسىدە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىۋاتقان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراۋاتقان گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلدى.

مېنىڭچە، بۇ تىياتىرلار مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

**بىرىنچى، كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامى — مىلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.** يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن: «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ...»، «ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دەۋر روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك»، «بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇ ئاساسىي تەلەپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم» دېگەن سۆزى، مېنىڭچە، بىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى تىياتىر ئەسەرلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلىنىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، بۇ تىياتىرلار رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە.** يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشتە، رېئال تۇرمۇشقا — سوتسىيالىستىك

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشتە، ئامما ئارىسىغا بېرىشتا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىغا بېرىشتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇشتا، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئويغۇن، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور تېمىلارنى كۆپلەپ يېزىشتا، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم تېمىنى يېزىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇش قاينىمىغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، شۇڭا كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

ئۈچىنچى، بۇ تىياتىرلاردا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك قىزىقىشى نەزەردە تۇتۇلغان. خەلق، پەقەت خەلقلا تارىخنى يارىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، شۇنداقلا سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇنبەت تۇپراقتۇر، دېگەن سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنىپ، ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك تەلىپى - زوقلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، سەنئەتنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. شۇڭلاشقا، بۇ تىياتىرلار ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، تاماشىبىنلار سەنئەتتىن بەھرى ئېلىپلا قالماي چوڭقۇر تەربىيە ئالدى، روھىنى ئۇرغۇتتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىياتىر خادىملىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلققە غەلىبىلىك تاپشۇرغان ئىمتىھان قەغىزى! شۇنداقلا، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 42 يىللىق بايرىمىغا قىلىنغان مول مەزمۇنلۇق سوۋغىسىدۇر.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى تىياتىر كۆرىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر - پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك سەنئەت ئىشلىرىنىڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى، بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىنى، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى تېخىمۇ جانلانغانلىقىنى، تىياتىر قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايغانلىقىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتە «بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتىكى توغرا تەدبىر ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدى.

يولداشلار، دوستلار:

بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، لېكىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە يېتىشتىن

تېخى يىراق، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق تېخى زور. تۆۋەندە مەن شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم، ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، تىياتىر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى ئامىل، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلار، رېژىسسورلار، تىياتىر ئارتىسلىرى، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرى، سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى قاتارلىق تىياتىر سەنئىتى بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش؛ ئىككىنچى ئامىل، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش؛ ئۈچىنچى ئامىل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ تاماشىبىنلىرىنى كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلىش.

**تىياتىر ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا:** بىز بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، ئارتىسلار، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، ۋە سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرىنى بولۇپمۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر، ياش، ئىختىساسلىق ئىجادىيەتچىلەرنى بايقىدۇق. بۇ ئىش كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ. لېكىن ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، ماھىر ئورۇندىغۇچىلار، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى تولىمۇ كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش بىلەن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى يوق. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى. بىر ياشنىڭ ئىختىساسلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا مەكتەپتىن سەنئەت ئۆمىكىگىچە ئون نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئەگەر بىزدە ستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەر بولمىسا، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكىنىلا كۆرۈپ ئون نەچچە يىلدىن كېيىنكى رېئاللىقنى كۆرمىسەك، بىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تارىخىمىز جەزمەن ئاق قالىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئىشنى قايتا تۇتقان بىلەن تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەر سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى. بىز سەنئەت تەربىيىسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ياش، ئىختىساسلىق سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيىتىدە تەربىيىلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا ھەر خىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى

كۆرسىتىش، پۈرسەتنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايەن قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. مەن كېلەر قېتىملىق تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، تېخىمۇ كۆپ ياش، مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى يازغۇچىلىرى، رېژىسسورلار، مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرى، ئارتىسلار، سەھنە گۈزەل سەنئىتى خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى سەممىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەت خادىملىرىنى ئەلۋەتتە قاتتىق سەنئەت مەشقى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چېنىقتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلاردا ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا پرولېتارىيات مەيدانىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان، كوممۇنىزملىق ئېتىقادتىن تەۋرەنمەيدىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز، سەنئەت ساھەسىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش توغرىسىدا: 1989 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدىكى تيەنئەنمېندە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرگىچە بولغان ئەھۋاللار سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بوشاشماي ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى - تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈردى. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، دۆلىتىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە. بۇ، دەۋرىمىزدىكى ئاساسىي تېما بولۇپ قالدى. بۇ ھال ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىزم مەيدانىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇش، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت دەۋرنىڭ بۇ باش تېمىسىنى دەل ۋاقتىدا كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ئېتىقادىنى كۈچەيتىش، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم: بىرىنچىدىن، ئالدى بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى بۇ خىزمەتكە

قاتنىشىشقا جەلىپ قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش، تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىپادىلىگەندە، تېما جەھەتتىكى كۆپ خىل بولۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئوڭچىل ۋە سولچىل خاھىشلارنىڭ سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىدىيە-نەزەرىيە ساھەسىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلار ۋە ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم ھالدا تۇرغۇزۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن جاپادا، ھالاۋەتتە بىرگە بولۇش، دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ماسلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتتە دەۋرنى توغرا تونۇشتا، دەۋرنى توغرا ئىپادىلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە، ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. گەرچە بۇ ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىردىنبىر ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇرمۇشنى تارىخىي چىنلىقنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بويىچە تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە تۇرمۇشنى ئىپادىلەشكە پايدىلىق، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلققە ئىلھام بېرىشكە پايدىلىق. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، جەزمەن تېخىمۇ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىدۇ. بەشىنچىدىن، «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھنى ئۇرغۇتۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش كېرەك. سەنئەتكارلار سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ، تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كۈرەشنى ئىپادىلىگەندە، بەدىئىي جەھەتتە چېتىلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى توغرا ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئالايلۇق، مەدھىيىلەش بىلەن ئاشكارىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىجابىي تەرەپ بىلەن سەلبىي تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىلەن چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىچكى جەھەت بىلەن تاشقى جەھەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ۋەھاكازالار.

سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر بىر دەۋر شۇ دەۋر بىلەن ھەممىنەپەس ۋە تەقدىرداش بولغان ئۇلۇغ يازغۇچىلارنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا، شۇ دەۋرنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا چىقىرىدۇ. بۈگۈن، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىز سەنئەتكارلارغا كۆپلىگەن تەلەپلەرنى قويىدى. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، پەقەت بىز روھىمىزنى ئۇرغۇتىدىغانلا بولساق، ئۇلۇغ يازغۇچى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ئەسەرلەر

جەزمەن بارلىققا كېلىدۇ.

**تېياتىر سەنئىتىنىڭ تاماشىبىنلىرىنى جەلپ قىلىش توغرىسىدا:** تاماشىبىنلار - تېياتىر سەنئىتىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان تۇپراق، خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ ئانىسى. بىز ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئىستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، شۇنداقلا، تاماشىبىنلار ئارقىلىق ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلار سېپىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش مەقسىتىگە يېتىش ئاساسىدا، تېياتىرچىلىق ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئەۋلاد تاماشىبىنلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇ يەردە مەن يەنە بىر قېتىم شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، نەزەرىيە ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈش لازىم، يەنى سەنئەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات- سەنئەت ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. سەنئەتچىلەر، بولۇپمۇ پارتىيىلىك سەنئەتچىلەر ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىگىلىشى، ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى، ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. سەنئەتچىلىرىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈل-لەندۈرۈش يولىدا رولىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشى، كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى داۋامىدا يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالماسلىقى، سىناقتا ھەقىقىي بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئەستايىدىل، ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك.

سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى، يەنى يۆنىلىشنى توغرىلاش مەسىلىسى ھەل قىلىنىشى لازىم. قايسىلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، قايسىلىرى پايدىسىز، نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، نېمىلەرگە قارشى تۇرۇش كېرەك، بۇ مەسىلىلەردە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىدە مەلۇم ئاللاش بولىدۇ. ئەگەر بەلگىلىك سەۋىيىدىكى نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمايدىكەن، خاتالىق يۈز بېرىدۇ. بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىزگە شۇنى تونۇتتىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مۇكەممەل بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ خەۋپىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇش، خاتا، ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىد قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۆنىلىشتىن چەتنەپ كەتمەسلىكىگە، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ساغلام يۆنىلىشنى بويلاپ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، يولداش

جىياڭ زېمىنىنىڭ بۇ يىلقى يۈەنشياۋ بايرىمىدا ۋە «1 - ئىيۇل»دا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى، لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىجادىيەت تېمىلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايرىقىمىز روشەن هالدا تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۆز ۋاقتىدا دەل ۋە كۈچلۈك هالدا ئىپادىلىشىمىز، خەلقنى سەگەكلەشتۈرۈپ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان ئېتىقادىنى مۇستەهكەملىشىمىز لازىم.

بىز پەقەت يۇقىرىدىكى بىر قانچە جەهەتتە بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا بولساق، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا تېخىمۇ گۈللەپ-ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ! يېقىندا شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا ياخشى باشلىنىش مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، بۇ يىل 1 - ئايدا ئۈرۈمچى شەهەرلىك جىڭجۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ «غەربىي رايون ئاسمىنىدىكى هەسەن - هۈسەن» ناملىق تىياتىرى ئەنخۇي تىياتىرىنىڭ بېيجىڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ قۇتۇبى چۈيزى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ «قۇدىلارنىڭ كۆرۈشۈشى» ناملىق چۈيزى تىياتىرى ياڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە هازىرقى زامان تىياتىرلىرى كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۈچ تۈردە مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى ئوبلاستلىق دراما ئۆمىكىنىڭ «قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كومېدىيە» ناملىق تراگكومېدىيىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمال رايونىنىڭ «غالىبىيەت لوڭقىسى» بويىچە دراما بايرىمىغا قاتناشتى ھەمدە 14 تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكىنىڭ «مەلىكە جېيۈ» ناملىق دراماسى مەملىكەت بويىچە دراماتالماشتۇرۇش يۈز يىلىدىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. سەھنە ئەسەرلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق رايون خاراكتېرلىك ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك تىياتىر كۆرەكلىرىگە قاتنىشالىغانلىقىنىڭ ئۆزى شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرىغا قارىتا ئىلھام، تۈرتكە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن بىز داۋاملىق تىرىشىشىمىز، جاسارەت بىلەن ئېلىشىشىمىز لازىم. مەن يولداشلارنىڭ شىنجاڭدىن ھالقىپ مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشىگە چىن قەلبىمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

يولداشلار، دوستلار:

پارتىيە ۋە خەلق بىزدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە، دەۋرنىڭ تەرەققىيات سادىسى بىزنى ئالدىراتماقتا. بىز قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىر سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا باتۇرانە ئالغا باسايلى!

1991 - يىل 10 - ئۆكتەبىر









## — شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ياۋروپا سەپىرىدىن خاتىرىلەر

ئامەتجان ئەھمىدى
(شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ باشلىقى)

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىمىزدىكى 25 نەپەر خادىم بۇ يىل 4-ئىيۇندىن 2-ئىيۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ياۋروپا ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ تەكلىپ قىلىشى ۋە جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش-دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا - يىپەك بولى سەنئەت بايرىمى»غا قاتناشتى. بايرام مەزگىلىدە ئانسامبىلىمىزدىكى خادىملار گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، بونن، مىيۇنخېن، كىيولىن، ماينىز، فرانكفۇرت شەھەرلىرىدە، بېلگىيىنىڭ برىۋسسېل شەھىرىدە، شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە، بېرن، بازىل شەھەرلىرىدە، گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام ۋە دېڭىز قىرغىقى شەھەرلىرىدە، قايتىشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



بەزى شەھەرلەردە ئويۇن قويدى، زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى.

مۇقام ئانسامبىلىمىز بارغانلا يېرىدە شۇ جايلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلقلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئانسامبىل خادىملىرىمىز ئورۇندىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى، كلاسسىك ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلار ياۋروپا ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىزغىن ئالقىشىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن مۇقام ئانسامبىلىمىزنىڭ بۇ قېتىم ياۋروپا سەھنىلىرىدە ئېرىشكەن شۆھرىتىدىن مىللىتىمىزنىڭ مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەش، تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش ۋە ئۇنى دۇنيا سەھنىلىرىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ بىز - مۇقام ئەۋلادلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، باش تارتىپ بولماس ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئانسامبىلىمىزنىڭ ياۋروپا سەپىرىدە ئېرىشكەن شۆھرىتى ۋە ئۇتۇقلىرىدىن تۇغۇلغان ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى سۆيۈملۈك مۇشتەرىلىرىمىزغا بىلدۈرۈشنى لايىق كۆردۈم.

## بىرىنچى خاتىرە، 7 - ئىيۇن

ياۋروپا ئەللىرىدىكى تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىزنىڭ پەردىسى گېرمانىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ميۇنخېن شەھىرىدە - بۇ شەھەردىكى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئېچىلدى. بۇ يەردە قويۇلىدىغان تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى بۇ بىر مەيدان ئويۇننى گېرمانىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن رادىيو ئىستانسىسى نەق مەيداندىن لېنتىغا ئالىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئۇقتۇرغان ئىدى. سەھنىگە چىقىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىمىز بىر خىل سىرلىق ھېس - تۇيغۇ، ھاياجان، شادلىق ئىلكىدە شوخ تېپچەكلىمىلى تۇردى. ئويۇننى باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ مەسئۇلى بىزگە ئويۇننى باشلاشنى ئۇقتۇرغاندا ئېلانچىلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئويۇن نومۇرلىرىنى ئېلان قىلدى. قەدىمكى پاسوندىكى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن، ساتار، دۇتار، غېجەك، خۇشتار، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى تۇتقان مۇقامچىلىرىمىز سەھنىدە پەيدا بولغاندا زال ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. «چەبىيات مۇقامى»نىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغاندا چاۋاك ئاۋازلىرىدا زىلزىلىگە كەلگەن ھەيۋەتلىك زال ئىچى بىردىن تىمتاسلىققا چۆكتى، مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ھەر بىر بۆلەكچىسى ئاخىرلاشقاندا زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاك، ئىسقىرتقان ئاۋازلار تەكرار ئاڭلىنىپ تۇردى. مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلانچىلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا - قايتا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىسقىرتىپ، چاۋاك چېلىپ، ئويۇننى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇقامچىلىرىمىز قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان «راك مۇقامى» بىلەن بىر نەچچە ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى...

ئەسلىدە شۇ مەيدانلىق ئويۇندا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىر سائەت ئون مىنۇت ئىدى. ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا تۇنجى مەيدانلىق ئويۇنىمىز ئىككى سائەت داۋام قىلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ميۇنخېن مەدەنىيەت

مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكشۇناس مارى خانىم سەھنىگە چىقىپ، ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ: بۈگۈن تۈنجى مەيداندا ئورۇندىغان نومۇرلىرىڭلار گېرمانىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىگە بىر خىل گۈزەل ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، قىزغىن ئالقىشلاندى، سىلەر كىيگەن كىيىملەر، چالغان مۇزىكىلار، ئېيتقان ناخشىلار، سىلەرنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئوبۇن نومۇرلىرىڭلار كۆپ خىل ۋە جەلپ قىلارلىق ئىكەن. بىز سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. گېرمانىيە خەلقى سىلەرنى قارشى ئالىدۇ. بۇندىن كېيىنكى ئويۇنلىرىڭلارنىڭ داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن. رەھمەت سىلەرگە، دېدى. بىز شۇ كېچىسى ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر كومپوزىتورلار، مۇزىكا پېشىۋالىرىنىڭ يۇرتى بولغان بۇ مەدەنىيەتلىك ئەلدە شۇنچىلىك قىزغىن ئالقىشلانغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدۇق. ئەتىسى، بىز چۈشكەن مېھمانخانىدىكى كۈتكۈچىلەر بىزگە بىر مۇھىم خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقاندەك ئاخشام قويغان ئويۇنىمىزنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، ناھايىتى ھاياجانلانغانلىقىنى سۆزلەپ كېتىشتى....

## ئىككىنچى خاتىرە، 12 - ئىيۇن

شۇ كۈنكى ئويۇنىمىز گېرمانىيىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان بېرلىن شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ بىر مەيدان ئويۇنىمىزنى ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن رادىئو ئىستانسىسى نەق مەيداندىن لېنتىغا ئېلىپ، پۈتۈن ياۋروپاغا تارقاتتى. بۇ مەيدان ئويۇنىمىزمۇ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئىككى سائەت داۋام قىلدى. ئويۇن ئاخىرىدا ئانسامبىلىمىزغا بېرلىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. ئارقىدىن ياۋروپا خەلق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»نىڭ رەئىسى دوكتور خەبىب توما ئەپەندى ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقتى. ئۇ بىزگە: .... جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۈم. بۇ ئىشتا تامامەن توغرا قىلغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمەن. بۈگۈنگىچە مۇشۇ زالدا نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن كۆرسەتكەن ئىدى، ئەمما بېرلىن خەلقىنى سىلەردەك ھاياجانغا سالغان ئۆمەك بۇ سەھنىگە كەمدىن كەم چىقتى. ئويۇنىڭلارنىڭ ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئالقىشقا سازاۋەر بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. بۇندىن كېيىن ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇشۇنداق سەنئەت بايراملىرىغا داۋاملىق قاتنىشىپ، سەنئىتىڭلارنى ياۋروپا خەلقىگە تونۇشتۇرۇشۇڭلارغا ۋە ياۋروپا سەنئىتىگە تېخىمۇ گۈزەل ھۆسن قوشۇشۇڭلارغا تىلەكداشمەن. سىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت، دېدى. ئەتىسى چۈشتە خەبىب توما ئەپەندى بىزنى مەخسۇس زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

## ئۈچىنچى خاتىرە، 18 - ئىيۇن

بىز شۋېتسارىيىنىڭ پايتەختى جەنۋە شەھىرىدە — دۆلەتلىك مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويدۇق. ئويۇنىمىز جەنۋە خەلقىنىمۇ ئوخشاشلا تەسىرلەندۈردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ شۋېتسارىيىدىكى باش ۋەكىلى، مەشھۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ھايدىن ئەپەندى بىزگە: بۇ قېتىم كەلگەن ئۆمەكلەر ئىچىدە سىلەرنىڭ مۇقاملىرىڭلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە، بەكمۇ جەلپ قىلارلىق ئىكەن. جەنۋە خەلقىنى ھەيران قالدۇردى. بىز سىلەرنى ئويۇن قويۇشقا باشقىدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىساق

بولمىغۇدەك. گەرچە بىز مۇقام تېكستلىرىنى چۈشەنمىسەكمۇ، ئۇنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسى، مۇزىكا تىلى ۋە ئۇنىڭغا كىرىشتۈرۈلگەن ئۇسسۇللاردىن بەھرى ئالالايمىز. جەنۇبە خەلقى ئۇيغۇر مۇقامىنى ياقتۇرۇپ كۆرىدۇ. بۈگۈنكى ئويۇن بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. دوستلارغا رەھمەت، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن، دېدى.

## تۆتىنچى خاتىرە، 24 - ئىيۇن

بېلگىيىنىڭ پايتەختى برىيۇسسېل شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويغان ئىدۇق، ئويۇن ئاخىرلاشقاندا دۆلىتىمىزنىڭ بېلگىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شيادۇشىن ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ، بىز بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ بىزگە: بىز جۇڭگولۇق بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. بۈگۈنكى ئويۇن ھەممىمىزنى ھاياجانغا سالدى. مەن تا ھازىرغىچە بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ بۇقەدەر ئالقىشلانغان ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى تېخى كۆرمىگەن ئىدىم. بىز سىلەردىن پەخىرلىنىمىز. سىلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ياۋروپادا كەڭ تۈردە، ياخشى نامايەن قىلدىڭلار. مۇندىن كېيىنمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ياۋروپادا داۋاملىق جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىز بۇندىن كېيىن، قولىمىزدىن كېلىشىچە سىلەرگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمىز. يولداشلارغا كۆپ رەھمەت. سەپىرىڭلارغا ئاق يول ۋە ئۇتۇق تىلەيمەن، دېدى. كېيىن ئۇ يەنە باش ئەلچىخانىدا ئۆمىكىمىز ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

بۇ قېتىمقى «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»نىڭ 1 - تۈركۈم ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە سوۋېت ئۇكرائىنا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى خەلق سەنئىتى ئۆمىكى، سوۋېت ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى خەلق سەنئىتى ئۆمىكى، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى خەلق سەنئىتى ئۆمىكى، جۇڭگو چاڭئەن قەدىمكى سازلار ئۆمىكى، جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى قاتارلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى قاتناشتى. بۇ بايرام 40 كۈن داۋاملاشتى.

بىز «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»غا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى - «12 مۇقام»نىڭ ئىككىنچى مۇقامى «چەببىيات مۇقامى» بىلەن ئۇيغۇر خەلق ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىدىن بىر كېچىلىك كونسېرت ئاپارغان ئىدۇق. نومۇرلىرىمىز بۇ سەنئەت بايرىمىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. بىز بايرام مەزگىلىدە «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» ئۈچۈن ئون مەيدان، ھال سوراش يۈزىسىدىن تۆت مەيدان ئويۇن قويدۇق، 15 شەھەردە پائالىيەت ئېلىپ باردۇق. نەگىلا بارساق يەرلىك خەلقنىڭ ئىللىق چىراي ئېچىپ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق. ياۋروپادىكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا زىيارەت، ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق.

1991 - يىل 8 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

(بېشى 17 - بەتتە)

قىلىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنى ئوبدان ئىجرا قىلىدىغانلا بولساق، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەتىجىگە، يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىدۇ.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەت زۇنۇن «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېمىدا خۇلاسە دوكلاتى بەردى (دوكلاتنىڭ تولۇق تېكستى ژۇرنىلىمىزدا بېرىلىدى - مۇھەررىردىن).




## مەملىكەت بويىچە 3- ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

ئىبراھىم پەخرىددىن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ باشلىقى)

ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ماھىرلىرىنى بايقاش ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ بىرلىكتە تەشكىللىشى، ئۇيۇشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مىللەتلەرنىڭ بۇ قېتىمقى مەملىكەت خاراكتېرلىك كاتتا سەنئەت مەرىكىسىگە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، لياۋنىڭ، جىلىن، گۈيجۇ، يۈننەن، خەينەن، چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئىبارەت 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن زاڭزۇ، موڭغۇل، مياۋزۇ، مانجۇ، تۇجيا، يوگۇ، جۇاڭزۇ، جىڭپوزۇ، تەيزۇ، لىزۇ، چاۋشيەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق 15 مىللەتنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەتخادىملىرى قاتناشتى.



(1991- يىل 2- سان، ئومۇمىي 9- سان)

ئۇلار بۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن تاللانغان.

مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ مۇسابىقىدە ھەر مىللەت ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى ئورۇندىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا نومۇرلىرىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئاممىۋىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت - سەنئەت ئىجادىيىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى. مۇسابىقىگە قاتناشقان 35 نومۇر رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى مەدھىيىلىدى، يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى خىسلەتنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلىدى.

مەملىكەت بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇر ئېلىش زالىدا ئىككى كۈن داۋام قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. مۇسابىقىدە ئورۇندالغان نومۇرلار ھەر قايسى مىللەتتىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەخپىي نومۇر قويۇپ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق ئارزۇگۈل قاتارلىق 12 كىشى 1 - لىككە، نەبىجان قاتارلىق 11 كىشى 2 - لىككە، ئابلەت قاتارلىق ئون كىشى 3 - لىككە ئېرىشتى. مۇسابىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى كۆردى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپاتنامە تارقىتىپ بەردى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇسابىقە ئەھۋالىنى سىنغا ئالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى مۇسابىقە مەزگىلىدە مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر مىللەت ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي ھال سورىدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە ئاممىۋىي سەنئەت پائالىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ كۆرىكى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولغان بىر قېتىملىق كاتتا سەنئەت مەرىكىسى بولدى؛ بۇ مەرىكە ئالتۇن كۈز پەسلىدە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل چېگرا شەھىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىغا تېخىمۇ كۆركەم ھۆسن قوشتى.

مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەر مىللەت سەنئەت خادىملىرى بوغدا كۆلى ساياھەت رايونىنى، تۇرپان شەھىرىدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرنى، جۈملىدىن تۇرپان شەھىرىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ - بۈيلۈقنى زىيارەت قىلدى؛ سانجى، تۇرپان شەھەرلىرىدە، چېچۈەنخۇ خىمىيە زاۋۇتى ۋە ھەربىي قىسىملاردا ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ يەرلىك ماللار ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، شىنجاڭ تاشقى سودا ئىلمە توقۇلما ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، شىنجاڭ ئوراش - قاچىلاش ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، شىنجاڭ دورا، يېمەك - ئىچمەك ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق، خىمىيە، بەش خىل مېتال ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى، قاراماي نېفىت سودا شىركىتى، قاراماي نېفىت باشقارمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، شىنجاڭ مېھمانخانىسى، ئۈرۈمچى

شەھەرلىك مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى سودا شىركىتى، شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق - ماي شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك مىللىيچە ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، قەشقەر شەھەرلىك مىللىيچە نەپىس ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ مۇسابىقىگە پۇل ئىئانە قىلىپ كۈچلۈك ماددىي ياردەمدە بولدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت «ئىشتىن سىرتقى مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيلى» دەپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن «مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

## شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1991- يىللىق تىياتىر كۆرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

ئابلىز ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى مۇخبىرى)

شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1991- يىللىق تىياتىر كۆرىكى توققۇز كۈن داۋام قىلىپ 10- ئۆكتەبىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق «قېرى يىگىتنىڭ تويى»، «مەلىكە جېي يۈ» قاتارلىق تۆت دراما 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئەزىزە»، «ۋىجدان سوتى ئالدىدا» قاتارلىق ئالتە دراما 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۆركەشلە، سۆيگۈ دەرياسى» قاتارلىق بەش دراما 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجادىيەت مۇكاپاتى، رېژىسورلۇق مۇكاپاتى، ئورۇنداش مۇكاپاتى، سەھنە گۈزەل سەنئىتى مۇكاپاتى، مۇزىكا ئىشلەش مۇكاپاتى تارقىتىلدى.

مۇكاپاتلاش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر قايسى مىللەت سەنئەتچىلىرى بولۇپ 1000 غا يېقىن كىشى قاتناشتى.

قېيۇم باۋۇدۇن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، بۇ قېتىمقى تىياتىر كۆرىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى كۆرەكتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە تەلپۈنۈش، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىياتىر قوشۇنىدىكىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى مەركەزلىك ھالدا نامايەن قىلىندى، ھەر قايسى تىياتىر خىللىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ مەركەزلىك كۆرەك قىلىندى.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، بىز ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ

(ئاخىرى 14 - بەتتە)






(ھېكايە)

ئەختەم ئۆمەر

1

كەچىنىڭ سالقىن شامىلى باراقسان مەجنۇنتال ياپراقلىرىنى يەلپۈپ تۇراتتى. غۇۋا چىراغلارغا ئوخشاق ھاشارەتلەر يېپىشۋالغان ئىدى. قىلۋىدىن ئۇرۇلغان راھەتلىك شامال شاۋكەتنىڭ چاچلىرىنى توزىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئىلاجى بار سەۋرى قىلىش ئۈچۈن شامال كەلگەن تەرەپتىكى روشەن يۇلتۇزلارنى ساناشقا باشلىدى. مەكتەپنىڭ ئالىملىق بېغىدىن قىز - يىگىتلەرنىڭ شېرىن تاۋۇشلىرى قۇلىقىغا توختىماي كىرىپ تۇراتتى. سۈت ئالمىنىڭ خۇش ھىدى ئۇنىڭ دىمىنى ئۇتقۇزۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، چىشىنى چىشلەپ يۇلتۇز ساناشنى داۋام قىلدى. قىزلارغا خاس يەڭگىل ئاياغ تاۋۇشى ئۇنى يۇلتۇز ساناشتىن توختىتىپ قويدى. بىر قىز نازۇك بەللىرىنى تولغاپ پەلەمپەيدىن مەغرۇر چۈشۈپ، بۇ يەردە يۇلتۇز ساناشتىن توختاپ قالغان كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەتلا ھېس قىلمىپ باقمىغاندەك، شامال ئوينىتىپ ئارام بەرمىگەن

چاچلىرىنى يەنە شۇنداق مەغرۇر سىلكىپ يېنىمدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، قىز يېنىمدىن ئۆتكۈچە قىزنىڭ نېپىز شايى كۆڭلىكى ئىچىدىكى مۈڭگۈزدەك كۆكسىگە ئاچكۆزلەرچە تىكىلدى، ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالدى.

— ما كاساپەتنى. قايسى مەلئۇننىڭ قولىدا تولغىنىدىغانسەن، لېكىن بىزنىڭ بىلىققا يەتمەيسەن.

ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تاماكا چەككەنچە يەنە ئاشۇ ساغرىغا قارىدى.

— ئوقۇغۇچى دېگەن شۇ.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنە يۇلتۇز سانىماق بولۇپ ئاسمانغا قارىۋىدى، بايا ساناپ قايەرگە كەلگەنلىكىنى تاپالمىدى. زەردە بىلەن ئارقىسىغا قاراپ، كېتىۋاتقان قىزنىڭ كەينىدىن تاماكىسىنى تۈكۈردى:

— جادۇ جالاپ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق گەپلەر بۇ؟!

شاۋكەت كەينىگە قارىدى. بىلىقىز پەلەمپەيدە پەرىزاتتەك سۈزۈلۈپ تۇرغان ئىدى. ئاق شايى كۆڭلىكى هازىرمۇ ئۇنى ئەرشتىن سۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. قارا، دولقۇنسىمان چاچلىرى ئايدەك يۈزىنى بۇلۇتتەك ئوراۋالغان ئىدى. شاۋكەت سائىتىگە قارىدى.

— ساق ئىككى سائەت قىرىق ئۈچ مىنۇت ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولىدۇ. ئالەم ئايروپىلانى بىرىنچى قېتىم ئاسماندىن چىقىپ كېتىدۇ.

— ناهايىتى توغرا دېدىڭىز چىرايلىق يىگىت. لېكىن سىز بىلەن مەن ئالەم ئايروپىلانىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، كۆرۈۋاتقىنىمىز ئېشەك هارۋىسى بىلەن 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ماشىنىلار. ماڭغاچ سۆزلىشەيلى.

— ئۆزىمىزنى قۇتقۇزمىساق تارىخ بىزنى يۇندا ئورىكىگە تاشلىۋېتىدۇ. يەر يۈزىدىن تامامەن يوقىلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىمىز. هەتتا نەسلى قۇرۇشقا باشلاپ ئىنسانلار تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقان هايۋانلارچىلىك قەدرىمىز بولماي تۈگەيمىز.

شاۋكەتنىڭ تۈكرۈكلىرى بىلىقىزنىڭ يۈز-كۆزىگە توختىماي چاچراۋەردى. بىلىقىز ئىزىدا توختاپ سومكىسىدىن قارىدەك ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى سۈرتتى. قوللىرىنى سىلكىپ، خۇددى يوقىتىپ سۆزلەۋاتقان شاۋكەتنىڭ كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بوشلۇقتا توختاپ قالدى. ئۇ هاياجانلانغانلىقىدىن ئېسىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— ئىشقىلىپ مەن بىكارغا قايناپتىمەن، — دېدى ئۇ بەسلەپ. بىلىقىز هېچبىر ئىپادىسىز قادىلىپ تۇردى.

— تەكرار ئېيتىمەن، يەنە تەكىتلەپ قوياي: ئالىي مەكتەپنىڭ بىئولوگىيە كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىمەن، سىياسىي بىلەن خۇشۇم يوق، ئۇنى چۈشەنمەيمەن، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمەن. بۇنداق گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق. مۇشۇنداق كوتۇلداپ يۈرۈپ بېشىڭىزنى يەيدىغان ئادەمكەنسىز.

— گېپىمنى چۈشىنىڭ. مەن سىياسەت - پىياسەت دېگەن نەرسە توغرىسىدا گەپ قىلمىدىم، ئەخلاق تېمىسىدا گەپ قىلىۋاتىمەن، ئەخلاق.

— بولدى، بىردەم گەپ قىلماي مېڭىڭ. ساۋاقداشلىرىم بىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىۋاتىدۇ.

ئۇلار ئوقۇغۇچىلار كاللەك بولۇۋالغان دەرۋازا ئالدىدىن جىم ئۆتۈشتى.

— قاياققا ماڭىمىز؟

— سۆگەتلىك كۆل تەرەپكە.

— ئۇ يەردە پاشا جىق.

— مەن سىزنى پاشىلار بىلەن ياخشى

مۇڭدىشالايدىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

— مېنى مەسخىرە قىلماڭ. دېمەكچىمەنكى، مەن سىزنى ئىككى يېرىم سائەت ساقلىسام، مېنى بىرسى تۆت سائەت ساقلىسا، بىزدىكى ئىشەنچىلىك ۋاقىت كۆز قارىشى قېنى؟ بىر - بىرىمىزگە بولغان ئىشەنچ نەگە كېتىدۇ؟ بىزدىكى دورامچىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىش، بىر - بىرىگە يالغان ئېيتىش، ئالداش، خۇشامەتچىلىك، پارىخورلۇق، خۇددى بىر كىم ئۈچۈن ياشاپ بېرىۋاتقاندەك كۈن - تۈنلەپ ئۇلپەتچىلىك قىلىپ سورۇن تارتىپ ئىچىش - چېكىشلەر، يالغان كۈلۈش، ساختا تەكەللۇپلار... مانا... مانا يەنە نۇرغۇن، مەن سۆزلەپ بولالمايمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان، خاراب بولغان بىر مىللەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بۇ ئىللەتلەرنى ئۆزىمىز تۈزىمىسەك، ھەر بىر ئادەم ئۆزى تۈزىمىسە، بىر كىم تۈزەپ بېرەمدۇ؟ ھەممىنى خۇدا تۈزەپ بېرەمدۇ؟ ئاڭلىسام: «سەن پەيلىڭنى قانچىلىك ئۆزگەرتسەڭ، مەن قىسمىتىڭنى شۇنچىلىك ئۆزگەرتىمەن» دەيدىكەن ئاللا. بىزنىڭ ئادەملەردىكى ھالىغا باقماي قىلىپ كېتىدىغان ھەشەم - پەشەم، سورۇن - باراۋەت، كېيىم - سايا، تۆكمەس قائىدە دېگەنلەر پۇت - قولىمىزنى چۇشەۋاتقان خۇراپىي نەرسىلەردۇر. مانا بۇلارنى بىر كىم ئەكېلىپ چۇشەپ قويمىدى، ئۆزىمىز تېپىپ چۇشۇۋالغان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز يوقىتىپ، ئۆزىمىزنى ئازاد قىلمىساق مەڭگۈ روناق تاپالمايمىز. بىز ئۆزىمىزنى سۆيەيلى، ئۆز - ئۆزىمىزنى خورلىمايلى.

— بەك ئوبدان گەپ قىلدىڭىز. ھازىر خوتۇنىڭىزغا قانداق يالغان گەپ قىلىپ ئالداپ چىقتىڭىز؟

بىلىقىز كۈلۈمسىرەپ شاۋكەتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— بۇنى چۈشەندۈرۈش ھاجەتسىز.

— مېنىڭ ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. بۇ باياتىن بېرى سىز دەۋاتقان ساختىپەزلىك، بۇمۇ ئۆزىمىزنى ئالداۋاتقانلىقىمىزغا كىرىدىغۇ دەيمەن؟

— ياق، مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر مۇقەددەس سۆيگۈ ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن.

— ئۇنداقتا خوتۇنىڭىزنى سۆيمەمسىز؟

— كىم سۆيمەيمەن دەپتۇ؟!

— ئەمىسە نېمىدەپ ماڭا رودىپايدەك ئەگىشىۋالىسىز. مېنى سۆيمەكچى بولسىڭىز، خوتۇنىڭىز، بالىلىرىڭىزغا مۇھەببىتىڭىز بولغاندىكىن شۇنى سۆيسىڭىز بولىدى، مەندە ھەققىڭىز يوق.

— ئەمىسە ماڭا خوتۇن بولۇڭ.

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئۇ چاغدا چوقۇم مېنى يەنە بىر چىرايلىق قىز كۈندىشىم بىلەن! قوشۇپ سۆيىسىز.

— سىزنىلا سۆيىمەن.

— بۇ ھەر كۈنى خوتۇنىڭىزنى ئالدايدىغان مەڭگۈلۈك كېپىڭىز.

— سىزگە ئۇنداق قىلمايمەن. بولمىسا بەش يىلدىن بېرى ئوتتۇڭىزدا كۆيۈپ، سۆيگىڭىزدە ئېقىپ يۈرەمدىم.

— بۇ ناھايىتى ئېنىق. ئېرىشمەكچى بولغىنىڭىز تېخى مەندە تۇرۇپتۇ. ئامانەتنى ئالغان بولسىڭىز بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەيتتىڭىز، رايىڭىز يېنىپ ھەتتا ئۇنتۇپ قالاتتىڭىز.

— ئۇنداقتا ئىككىمىز توي قىلايلى، شۇ چاغدا كۆرەرمىز.

— سىز بىلەن توي قىلغۇم يوق.

— ماڭا نىسبەتەن سىزدە سۆيگۈ دەيدىغان نەرسە يوقكەن - دە. ئەمىسە نېمىدەپ مەن بىلەن يۈرۈيسىز؟

— مەن سىزنى سۆيىمەن، ئەمما توي قىل-
مايمەن. ھاياتتا ئەڭ سۆيۈلگەن مۇھەببەت
دەل توي قىلالمىغانلار ئارىسىدا بولىدۇ.
مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك سۆيۈش ئۈچۈن
سىز بىلەن توي قىلمايمەن.

— بۇ، يالغان. كۆزدىن يىراق بولغاندىن
كېيىن، ھامان بىر كۈنى كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ كېتىدۇ.

— سۆيگۈ ھەر ئادەمنىڭ روھىدا ھەر خىل
بولىدۇ.

— لېكىن سىز مەن بىلەن توي قىلماسلىق-
تا باشقا سەۋەب بار، يەنى ياشتا چوڭ، ئىك-
كى بالىسى بار ئادەم دەيسىز.

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مېنىڭچە، قىزلار
چوڭ ياشلىقلارغا تەگسە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك
بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاتا - بوۋىمىز بەك
ياخشى بىلىدۇ. دادام قېرىپ پېنسىيىگە چىق-
تى، ئانام ئەمدى قىران بولدى، ئىككىسى
بىر - بىرىنى بەك ياخشى كۆرىشىدۇ. ئانام
دادامنىڭ قىرىق يېشىدا ئالغان خوتۇنى.
ئانام دادامدىن ئون سەككىز ياش كىچىك.
ئانامنىڭ ھەر قانداق تەلىپى دادامنىڭ قىز-
غىن مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھە
راست، مېنىڭ توي قىلىشىمدا دادام، ئانام-
نىڭ بىرلا شەرتى بار، ناھايىتى ئاددى. توي
قىلىدىغان ئادىمىڭ كەلپىنلىك بىلەن قەش-
قەرلىق بولمىسۇن دەيدۇ، لېكىن بۇمۇ پۇت
تىرەپ تۇرالمايدۇ.

— قەشقەرلىق ئارپىسىنى خام ئورۇپتىمۇ؟

— ئاتا - ئانام دېھقانچىلىقنى بىلمەيدۇ،
لېكىن تەكتىگە يەتكىلى بولماس سىرلىق
تەكەللۇپ، يۇسۇنلار بىلەن چىقىشالمايدۇ.

— سىز بىلەن مەن مىللەتنىڭ ئەقىل -
ئىدرىكى، زىيالىيسىبىز. ھازىرقى زامان ئېڭى
بويىچە ياشىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ قۇ-
رۇشىمىز كېرەك. يۇرت ئارا بىر - بىرىمىزگە
بولغان ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ، بىر - بىرى-
مىزنى سۆيەيلى، قەدىرلەيلى. بىزنىڭ ئىناق
بولۇشالماي قومدەك چېچىلىپ ياشىشىمىز
بەختسىزلىكلىرىمىزنىڭ تۈپ يىلتىزى، ئۆز-
گەرتىش كېرەك.

— مىڭ سۆزلىگىنىڭىز بىلەن ئاتا - ئانى-
مىز ياشىغان ئاشۇ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، تومۇ-
رىمىزدىكى قان بىزنى يەنە شۇنداق ئۆستۈ-
رىدۇ. پەقەت قىسمەن ئۆزگىرىشى مۇمكىن.
ئىناق بولۇش ئۈچۈن بىزنى بىرلەشتۈرەلەي-
دىغان قۇدرەتلىك بىر ئەمەلىي كۈچ، روھى-
مىزنى ئالقانغا ئالالىغۇدەك ئىلاھىي يېتەكچى
بولۇش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە
بىزنى بىرلەشتۈرەلمەيدۇ.

— بولدى، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى، قەھۋە
ئىچەيلى.

— مېنىڭ ئۇ يەرگە كىرگۈم يوق.

— نەپرەتلىنەمسىز؟

— بىلمەيمەن.

— خەق نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى. بىزمۇ
ئۆز ھالىمىز بىلەن بولىمىز. جەمئىيەتنىڭ
ھەممە تەرەپلىرىنى بىلىپ قويغانغا يەتمەي-
دۇ. بۇمۇ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ بىر
دۇنيادەگە.

«لېۋەنئاي قەھۋەخانىسى» دېگەن خەت
ئۇسسۇل ئوينىغاندەك تولغىنىپ يېنىپ تۇر-
غان ئىشىكتىن شاۋكەت ئالدىدا كىردى. يۇل-
تۇزدەك يېنىپ تۇرغان ئۈچ قىز شامالدەك
كېلىپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، بىرسىنىڭ
ئاق بىلىكى بوينىغا يىلاندەك يۆگىشىپ
بولدى.

— بولدى، رەھمەت سىلەرگە.

بېلىقىمىزنى كۆرۈپ ھەممىسى پەردىلەردەك
غۇۋالىق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. غۇۋا
يېنىپ تۇرغان قىزىل چىراغ نۇرىدا پەردى-
لىك توساقلار سىرلىق كۈلۈمسىرەۋاتقان،
سىپتا ياسانغان چىرايلىق ئايالدەك كۆرۈندى.
ئەتىر ئارىلاشقان ھەر خىل ئىچىملىكپۇرىقى

قەھۋەخانا ھاۋاسىنى سېھىرلەپ تۇراتتى. توساقلار ئىچىدە قىزغىن پىچىرلاشلار، قىزلارنىڭ نازلىق كۈلۈپ ئەركىلەشلىرى ئاڭلىناتتى. كۈتكۈچى ئۇلارنى پەردىسى قايرىلىپ تۇرغان بىر بوش ئورۇنغا باشلاپ كەلدى. بېلىقمىز ئادەمسىز تۈز يولدا كېتىۋاتقاندەك پەرۋاسىز كېتىۋەردى.

— نېمە لازىم، — دېدى كۈتكۈچى ئۇلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن

— سىز دەڭ، — كۈلۈپ قارىدى شاۋكەت.

— قەھۋەدىن باشقا نېمە بار بۇ يەردە؟

— خالىغىنىڭىزنىڭ ھەممىسى بار.

بېلىقمىز ئۈنچىقماي پەرۋاسىز ئولتۇردى.

— ئىككى ئىستاكان قەھۋە بىلەن بىر تەخسە تۇخۇم قورۇمىسى، بىر تەخسە تەرخەمەك، ئون زىق كاۋاب كەلتۈرۈڭ.

— قىزىق تۇيۇلىۋاتامدۇ؟

— نېمىسى قىزىق. ھېچنېمە. ئۆز يولىدا تەبىئىي - نورماللىق ئىش. جاھاندا كىشىلەر ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان قانچىلىك ئىش بار؟ ئەگەر ئۇلار بۇ يەردە ئۆزىگە ئازاب تېپىۋالسا ھەرگىز يولىمايدۇ. ئادەم خۇشاللىق ئىزدىگۈچى مەخلۇق. ئۇنىڭ كۆڭلى نەدە خۇش بولسا، شۇ يەرگە ھەسەل ھەرىسى ئولاشقاندەك مانا مۇشۇنداق توپلىنىدۇ. سىز كۈچەپ ئۆزگەرتىمەن دېگەن ئادەملەرنىڭ روھى، جەمئىيەتنىڭ ئېڭى ۋاقتى - سائىتىگە كەلگەندە ئۆز يولى بىلەن ئۆزگىرىۋېرىدۇ.

— پۈتۈنلەي پەرۋاسىزلىق. ۋىجدانسىز ئادەملەر پەرۋاسىز بولىدۇ. پەرۋاسىز ئادەمدە ئېتىقاد بولمايدۇ، شامالغا قاراپ يەلكەن چىقىرىشقا، خاملىيوندەك ماسلىشىشچانلىققا - رەڭ ئۆزگەرتىشكە ماھىر كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم سۆيىدىغان سىزدەك بىر ياخشى قىزنىڭ تېخى جەمئىيەتكە قەدەم قويماي تۇرۇپ، بۇنداق بولۇپ كېتىشكە چىداپ تۇرالمايمەن. مەن بارلىق ھاياتىم، چېنىم بىلەن سىزنى شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىشكە ئۆزۈمنى بېغىشلايمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك غايەم. سىز ئۇنداق بولماسلىقىڭىز كېرەك، بېلىقمىز.

— مانا بۇ بىزنىڭ مىليونلىغان ئالىي مەقسەتلىك نادان، ياخشى ئادەملىرىمىزنىڭ بەختسىز خاراكتېرى. دەل مۇشۇ ئىش ئۇلارنى قانلىق تراگېدىيە ئىچىدە، ئالدانغان ئارمان، پۇشايمانلار ئىچىدە يەر يۈزىدىن يوق قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى، روھىنى، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىرلا قۇدرەتلىك كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى. ئۇنى ھازىرغىچە ھېچقانداق ئىنسانىيەت ئۆزگەرتەلىگىنى يوق، بەلكى ئۆزگەرتىمىز دېگەنلەر تەبىئەت تەرىپىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلدى. تەبىئەت كەڭرى، ئۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ: باھار، ياز، كۈز، قىش، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ھەر بىر ئۆسۈملۈكتىن تارتىپ جانلىقلارغىچە شۇ پەسىلنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدۇ، جۈملىدىن ئادەممۇ شۇنداق. مانا قاراڭ: قىشتا سىز مانا مۇشۇنداق كىيىم بىلەن ياشاپ ھايات تۇرالامسىز، قىشنى ئۆزگەرتەلەمسىز؟ پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا تاقابىل تۇرۇپ ياشايسىز. ئادەملىرىمىزنىڭ ئېڭى، روھى ھەر قايسى دەۋردە ھامان ئۇنى تاپىدۇ.

— سىزنىڭ بۇ سېلىشتۇرمىڭىز يەنىلا پەرۋاسىزلىق، بىزنىڭ مىليونلىغان كىشىلەردىكى چۈشكۈنلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەي، زېرىكىپ ھالدا نېمە بولسا شۇ دەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش، ئۆزىنى ئالداش ئۈچۈن تاپقان گېپى. سىز دەۋاتقان پۈتكۈل كائىنات كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم. مېنىڭ دەۋاتقىنىم — دۇنيانىڭ بىر كىچىك زېمىنىدىكى ئادەملەرنىڭ روھىي مەسىلىسى. قېنى

ئېيتىمىك، بىر زېمىندا، بىر كىلىمات ئاستىدا باشاۋاتقان، ئوخشاش تاماق، كىيىم، داۋاسىدىن پايدىلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ روھى ئوخشاش ئەمەس، تەقدىرى ئوخشىمايدۇ. بىز چۈشكۈنلىشىپ - چىرىكلىشىپ، تۈگىشىپ كەتتۇق. كونا ئېسىل ئەخلاقنى كونىردى دەپ تاشلاپ مېڭىپ، يېڭىسىنى تاپالماي دوراپ ئاخىرى يا كونىسى يا يېڭىسى يوق قەلەندەرنىڭ ئۆزى بولدۇق. بىزدە مىللىي ئەخلاق، مىللىي مەدەنىيەت يوقالسا بىز تولۇق يوقىلىمىز، بوغۇلۇپ، ئۆلۈپ تۈگەيمىز.

شاۋكەت ھاياجاندىن بوغۇلۇپ قولىدىكى بىر ئىستاكان قەھۋەنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئۇردى. كۈتكۈچى سايىمەك پەيدا بولدى.

- كەچۈرۈڭ، بىر ئاز چېچىلىپ قالدى، ھېچ ئىش يوق، -دېدى بېلىقىز خاتىرجەملىك بىلەن.

- ئىستاكاننىڭ پۇلىنى ئايرىم ھېسابلايمىز.

- قانداق ھېسابلىساڭ شۇنداق ھېسابلا چوشقىنىڭ كۈچىكى. كاشىلا قىلماي كۆزۈمدىن يوقال.

- ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بۇ ئاجىزلىق. بۇنداق بولغاندا بىر مىللەتنى ئەمەس ئالقىنىڭىزدىكى مەندەك بىرقىزنىمۇ ئۆزگەرتەلمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىز. ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مانا مۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش كېرەك.

بېلىقىز شاۋكەتنىڭ قىزىرىپ ئېچىلىپ كەتكەن ساقاللىق ئېڭىكىنى يۇمشاق ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، كۆكۈرۈپ تىترەپ كەتكەن قېلىن كالپۇكىغا نازۇك، رەڭدار لېۋىنى يېنىك ياقتى. تىترەپ ئاران تۇرغان شاۋكەت بېلىقىزنى قۇچاقلاپ، مۇجۇقلاپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كەتتى. بېلىقىز شاۋكەتنىڭ بېغىشىنى قاتتىق چىشلەپ يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى. شاۋكەت قاتتىق ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېغىشىدىن سۇس قان چىقتى.

- دېمەك، سىز قورۇق گەپتىن باشقىغا ياردىمى يەتمىگەن ئاجىز، شاكال، چاكىنا ئادەمكەنسىز. سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم قۇتقۇزۇشنى بىلمەيدۇ. سىز تەربىيىلىنىڭ، ئاۋۋال خەلقنى سۆيۈش كېرەك. مەندۇ شۇ خەلقنىڭ بىرسى. سۆيۈك دېمە، خۇددىڭىزنى يوقىتىپ غالجىر ئىتتەك تالاپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدىڭىز. سۆيۈش ئادەمگە لەززەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە. مەن بوغۇلۇپ ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. سىز لەززەت ئالالدىڭىزمۇ؟ كېلىڭ، بېغىشىڭىزغا سۆيۈپ قوياي، ئازابىڭىز يېنىكلىسۇن.

شاۋكەت ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بېلىقىز ئۇنىڭ بېغىشىدىكى قاننى ئالدىرماستىن يۇمشاق شۈمىدى. بۇ يېقىملىق قىلىق شاۋكەتنىڭ سېزىمىنى قاتۇرۇپ، مەستخۇشلۇقنىڭ كەيپىنى سۈرگۈزدى. بېلىقىز لېۋىنى تارتىۋېلىپ كۈلۈۋەتتى.

- سىز بەك ئۇستا جادۇگەركەنسىز.

- بىز تېمىدىن يىراقلاپ كەتتۇق. باشقا گەپنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزنى قىلىشىپ كۆڭلىمىزنى ئاچايلى.

- ئەمىسە، ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلمىغۇدەك ياردەم قىلىڭ.

- قانداق ياردەم؟

- مۇھەببىتىڭىز- سۆيگۈڭىزنى دېيمەن.

- دېدىمغۇ، ھاياتىمدا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى سىز. مەن سىزنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن.

- ئەمىسە توي قىلايلى.

- سىز بىلەن توي قىلمايمەن.

- بۇ قانداق مۇھەببەت؟

- بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەت.

- پەقەت سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىلا مەن مىللىتىمنى قۇتقۇزۇش غايىسىگە يېتەلەيمەن.

— ماقۇل، سىز بىلەن توي قىلىپ، سىز تەلەپ قىلغان ياردەمنى قىلاي. دوختۇرخانا كېسەللەر ھېساباتخانىسىدا بوغالتىرلىق قىلىش بىلەن، مۇشۇنداق قۇرۇق گەپ قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزنى ئالداشتىن باشقا قانداق ئىش قىلماقچىسىز؟

— پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ماقالە يازدىم، تەشۋىق قىلدىم. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مىللىي روھنى، ۋەيران بولۇۋاتقان مىللىي ئەخلاقنى قۇتقۇزۇش، ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، كىتاب يېزىپ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئويغاتتىم، ئېڭىنى ئاچتىم. مانا مۇشۇ مۇراجىئەت قىلىش يولى — ھازىرقى دەۋردە ئەڭ ئېسىل ئەمەلىي ئىش، مەن مۇشۇنى قىلدىم.

— رېئاللىق دەل بۇنىڭ ئەكسى. سىزنى رېئاللىققا قايتۇراي. سىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ھېچ قايسىسى كىشىلەرنى ئەمەلىي نەپكە ئىگە قىلالمايدۇ. ھازىر پۇل بىلەن ھوقۇق ھەقىقىي تار دائىرىدە ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ئىگە كۈچ. مانا بۇ كىشىلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

— ئاغزىڭىزدىن بۇنداق تېتىقسىز گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدىم.

— بۇ مېنىڭ ئاغزىمدىكى ئەمەس روھىمدىكى گەپ، بۇنى ماڭا ھازىرقى رېئاللىق ئۆگەتتى.

— بۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ بەك ئىپلاس روھ.

— مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەڭ ئەمەلىي روھ. مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي: ئاشۇ تەشۋىقاتىڭىز مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. لېكىن بىر سوم پۇلغا كېلىدىغان بەش نان كىشىلەرگە ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرەلەيدۇ. مەن ئۆزگىرىش، ئۆزگەرتىشلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن ئاڭلىغۇم يوق. پۇل بىلەن ھوقۇق مەندە چوڭقۇر يىلتىز تارتىۋاتىدۇ. سىز بىلەن بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەشكۈم يوق، مەن پەقەت شۇنىلا قەدىرلەيمەن.

— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ، ئۆزىنى ھازىرغىچە پاك ساقلاۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ بۇنچىلىك چىرىكلىشىپ كېتىشىنى ھېچ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن. بۇ سىز بېلىق شۇمۇ ياكى باشقا بىر داڭقى كەتكەن سەتەڭمۇ؟

— نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مەن بىر ئادەم.

شاۋكەت ئورنىدىن تۇردى. بېلىقىز خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ ئىزىدا ئولتۇرۇۋەردى.

— ئولتۇرۇڭ، مەن تېخى سىزنى قانغۇدەك سۆيمىدىم.

— سىز مېنى سۆيمەيسىز، پۇلنى، ھوقۇقنى سۆيىسىز.

— لېكىن ھەممىدىن سۆيۈملۈكى يەنىلا سىز.

بېلىقىز ئورنىدىن تۇرۇپ شاۋكەتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى، چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپ ئالدىرىماستىن لېۋىنى ياقتى. شاۋكەتنىڭ قولى بەلدىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ كۆڭلەكنى كۆتۈردى.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، — بېلىقىز شاۋكەتنىڭ قولىغا ئۇرۇۋەتتى.

شاۋكەتنىڭ غەزىپى بىراقلا تاشتى.

— سىز قانداق شاياتۇن خوتۇن. مېنى ساراڭ قىلاي دەمسىز. سىرتماقتا ئېسىپ قويۇپ يا ئۆلتۈرمەي، يا بوشاتمايدىغان. ئەگەر يەنە رەت قىلسىڭىز، بولدى سىز بىلەن ئادا - جۇدا بولىمەن.

— قورقىتىمەن دېمەك. لەززەت دەل شۇنىڭدا، لېكىن ھەر ئىشنىڭ يولى، ۋاقتى بولىدۇ.

— بەش يىل بولدى، ئەمدى ئوقۇشىڭىز تۈگەيدۇ. يا توي قىلمىسىڭىز، يا تەلىپىمگە ئۇنىمىسىڭىز، قاچان كېلىدۇ ئۇ ۋاقىت. بولدى، مېنى ئەمدى ئالدىيالمايسىز. ئەمدى بىلدىم، سىزدە ھېچقانداق ئورتاقلىق، مۇھەببەت دېگەن نەرسە يوق.

— مەن بۇرۇنلا بىلگەن.

— سىز ئەۋلىيا خېنىم.

— ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق.

— بىزنىڭ بارلىق ساختا مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بۈگۈندىن باشلاپ شاۋكەت سىزنى ئىزدىمەيدۇ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ. سىزنى تونۇمايمەن. سىز ئادەم ئەمەس، ئالۋاستى.

— بولىدۇ. خەير - خوش، بىردىنبىر ئادەم.

بېلىقىزنىڭ كۆزىدىن ياشقۇيۇلغان پېتى قەھۋەخانىدىن چىقىپ كەتتى. شاۋكەت ئىزدا ئولتۇرۇپ ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۇ ئالۋاستى كۆڭلىڭىزنى رەنجىتكەن بولسا، مانا مەن بارغۇ، — بىر قىز كېلىپلا سۆركەلدى.

— يوقال، سېسىق جالاپ، — شاۋكەت بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

2

دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ھېساباتخانىسىنىڭ كېچىككىنە كامىرى ئالدىدا كۈن - تۈن كېسەللەرنىڭ ئۆچىرەتى ئۈزۈلمەيدۇ. ھېسابچى خادىملار باش كۆتۈرمەستىن يازىدۇ، چوتنى تاراقلىتىدۇ، يازىدۇ، تاراقلىتىدۇ. كېسەللەرنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىش- ياتماسلىق تەقدىرى مانا مۇشۇ يەردە بەلگىلىنىدۇ. كېسەللەر ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىشتىن ئەمەس، مۇشۇ يەردىكى چوت ئۇرۇقىنىڭ تاراقلىشىدىن قورقىدۇ. قورقىدۇ، ئەمما داۋالانماي مۇمكىن ئەمەس. دوختۇرلار بىمارغا ئىنسانىي ھېسسىياتتا رەھىمدىل بولغىنى بىلەن، بۇ يەردىكى ھېسابچىلار چوت ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمىنى كەمكۈتسىز ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلاردىكى ھېسسىيات- رەقەم، رەھىم - شەپقەتنىڭ ئۆزى چوت ئۇرۇقى.

شاۋكەت باش كۆتۈرمەستىن كامىردىن تەڭلەنگەن كېسەلنىڭ ھېسابات جەدۋىلىنى ئالىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيدۇ. كىچىككىنە كامىردىن كۆرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە ئورۇنۇپ قالسا، كىر - ماڭگىر تۈشۈكتىن چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىلا كۆرەلەيدۇ، بولمىسا قولىنىلا كۆرەلەيدۇ.

تۈگۈلۈك قوللار، نازۇك قوللار، ئوتتۇندەك قوللار... تاراقلاپ سوقۇلىدىغان چوت ئۇرۇقى، شىرتىلداپ يېزىلىدىغان رەقەملەر...

بىر نازۇك قول تەڭلەندى. شاۋكەت ھېسابات جەدۋىلىگە ئوخشىمايدىغان قەغەزنى زەردە بىلەن ئېلىپ ئاچتى.

«بىردىنبىر ئادەم ئالۋاستى سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈپ خوشلاشقىلى كەلدى. بۇ، ئالۋاستىنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى.»

شاۋكەت كامىردىن قارىۋىدى، كۆز كۆرۈنمەي مۇشۇ قولنىڭ بىلىكى كۆرۈندى. قەغەزنى ئالدىغا تاشلاپ، ئۈستەلگە يۆلىنىپ، بېلىنى رۇسلاپ داماكا چەكتى، يەنە شۇ قەغەزگە يازدى: «يېرىم سائەت ساقلا». قەغەزنى نازۇك قولغا پۈرلاپ تىقىپ قويدى. قول كامىردىن چىقىپ كەتتى. ئورنىغا يەنە يېڭى قول سوزۇلدى.

قۇياشنىڭ ئاخىرقى ئوتتەك نۇرلىرى تۈتۈرگى تېغىنىڭ چوققىلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ پەستىكى بوستانلاردىن ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. تاغ باغرىدىكى تاقىرساي تەرەپتىن قۇرغاق سالقىن شامال كەلدى. بېلىقىز ئېگىز تۆپىلىكتىكى قاراخانىيلار زامانىدىن قالغان يوغان، سېيىلىق كۆك تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قۇياش بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆيۈشۈۋاتقان چوققىلارغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالغان ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ستودېنت خانىم،

ئەپۇ قىلىسىز، يېرىم سائەتتە چىقىمەن دەپ، ئىككى سائەت ساقلىتىپ قويدۇم.

بىلقىمىز نازۇك قولىنى تەڭلەپ كۈلۈپ كەلدى. شاۋكەت سوغۇقلا قول سۇندى.

— تاڭ ئاتقىچە كەلمىسىڭىز مۇشۇ تاشتا ئولتۇرۇپ ساقلايتتىم. كەلمىگەن بولسىڭىزمۇ هامان كۆرۈشمەي قويمايتتىم. بىز خۇشلىشىشىمىز كېرەكقۇ؟

— بىراق ئىختىيار مەندە ئەمەس. مېنىڭچە، بىز خوشلىشىپ بولغان. قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمىدىم.

— ئادەم ھەممىنى ئۆزى ئويلاپ چۈشىنەلمايدۇ، سەل تۇرۇپ چۈشىنىپ قالىسىز.

— ھەر قانداق نەرسىنى سىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىڭىز بىلەن چۈشەنگىم يوق. مەن بىر غايىلىك ئادەم. مۇشۇ زېمىننىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەختىنى ئويلىمىسام مەن قانداقمۇ ئادەم بولىمەن. بۇ تۇپراق ئۆزىنىڭ چەكسىز ئاقكۆڭۈللۈكى، چىدامچانلىقى، سەۋرچانلىقى ئاخىرى يەنە ئامالسىزلىقىدىن ئادەمدىن كۆپرەك ھايۋاننى بېقىۋاتىدۇ. ھايۋان پەقەت ئۆز نەپسىنى — قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئادەم ھېسابلىسام، قورسىقىمدىن باشقا ئاشۇ يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان تۇتۇرگى تېغىنى، چاقماق دەرياسىنى، ئۇنىڭ باغرىدىكى چەكسىز دالىنى ئويلىشىم كېرەك.

— سىز دەۋاتقان بۇ زېمىندىكى ئۆزىنىلا سەمىرىتىدىغان چارۋىلار ئىچىدە مەنمۇ بولسام كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

— بۇنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

— لېكىن بۇ زېمىندىكى سىز ھايۋان ساناۋاتقانلار بىكارغا يەۋاتقىنى يوق، ئۇ ئۆز ئەجرى بىلەن ھالال يەۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز كۈچىنى بېرىش بەدىلىگە قورسىقىنى بېقىش پۇرسىتىگە ئىگە. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي: دەبدەبىلىك قۇرۇق، يالتىراق شوئار گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ياشىغاندىن ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ ئەجرى قىلىپ جان ساقلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۆجىزە. قۇرۇق گەپنىڭ قولىدىن مەڭگۈ ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، بۇ ئۆلمەس ھەقىقەت.

— سىز دەۋاتقان يىرگىنىشلىك جان بېقىش ھەقىقىتى ئىچىگە پۇلدىن ئىبارەت سىزنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىڭىز چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

— ئەلۋەتتە. يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىۋېلىڭ، يەنە ھوقۇقمۇ بار.

شاۋكەت بىردەمگىنە جىم تۇرۇۋالدى، ئۇ ئۆزلۈكسىز لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

— ئوقۇغۇچى، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىماي تۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى بۇنچىۋالا بۇقتۇرۇۋېلىشى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ.

— شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، ئەمەلىيەتتە سىزنى شۇنچىۋالا يىرگەندۈرۈۋاتقان، ئۆچمەنلىكىڭىزنى قوزغاپ سۆزلىتىۋاتقان، قاقشىتىۋاتقان دەل مۇشۇ نەرسە. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ھازىر سىزدە بولغىنىدا ئىدى، مانا مۇشۇ يەردە سىز دەل ئەكسىچە گەپ قىلغان بولاتتىڭىز، ھەتتا سۆزلەپ ئولتۇرمايتتىڭىز. تارىخ دەل سىزگە ئوخشاش مىللەت ھەققىدە توختىماي قۇرۇق پو ئاتىدىغانلارنىڭ پۇل بىلەن ھوقۇققا ئېرىشكەندىن كېيىنلا شۇ نەرسىلەرنىڭ سادىق قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى تەكرار ئىسپاتلىدى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ نەرسىگە مۇتەھەممەلىك بىلەن ئېرىشىشنى ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا ئۈمىد قىلىدۇ. پۇل بىلەن ھوقۇقسىزلىق رەزىل ئاپەت، جىنايەت. ئۇ بولمىسا ئادەم ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. بۇنداق ھاقارەتلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك. سىز بىلەن بۇنداق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقا ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. باشقا گېپىڭىز بولسا دەڭ، بولمىسا يولىمىزغا ماڭايلى.

— بولىدۇ. ھازىر دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ياخشى دېدىڭىز. خىزمەت تەقسىماتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن پۇلغا ئىگە بولماقچى. بەش يىللىق پاك مۇھەببىتىمىز، سىزنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئەسەبىي ئارمىنىڭىز. سىز بىلەن ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۈگۈن كېچىنى قەھۋەخانىدا سىز بىلەن ئۆتكۈزۈمەن.

شاۋكەت ئاشۇ ئۇلۇك تاغدەك جىمىپ كەتتى. يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەندەك پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— سىز ئالجىپسىز. مەن سىزنىڭ كاللىڭىزنىڭ نورمالنى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مەن بىر قورقۇنچلۇق ھېكايە ئاڭلىمىغاندىمەن؟

—نېمىدەپ چۈشەنسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. مەن قارار قىلىپ بولدۇم: بەش يۈز كوي ئېلىپ ھېلىقى قەھۋەخانىغا ئالدىغا بارىسىز، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن شۇ يەردە سىزنى ساقلايمەن.

— توختاڭ. مەن سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مەڭگۈ پاك ياشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئاتا - ئانىڭىز ناھايىتى پۇلدار ئادەملەرغۇ؟

— مۇستەقىللىق ئەڭ ئاۋۋال ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدە بولۇش كېرەك. مەن بۇنى ناھايىتى كېچىكىپ چۈشەنگىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. شۇ ھېسسىياتقا كەلگەندىن باشلاپ، ئاتا - ئانام مەيلى يامبۇدا ئىشىك تاقىسۇن، مەن ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم باشقۇرىمەن، مۇستەقىل ياشايمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەنمەن. ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە، نەۋرە كۆرگىچە ئاتا - ئانىغا يۆلىنىپ ياشاش ئىنسانىيەت ئىچىدە پەقەت بىزدىلا قالغان رەزىل تىراگېدىيە. ئەمدى بۇ تىراگېدىيىدە رول ئالمايمەن.

— باشقا يول تۇتقىلى بولماسمۇ؟

— كۆپ پۇل تېپىشنىڭ ھەر قانداق يولى پاك ئەمەس، بۇلغىنىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يىرگىنىشلىك بولغاچقا، ئۇ شۇنچە قۇدرەتلىك. مېنىڭ ھازىرچە ئويلاپ تاپالىغان يولۇم مۇشۇ. يەنە ئويلاۋەرسەم كېچىكىمەن. خوش ئەمىسە، سىزنى ساقلايمەن.

قىز كېتىپ قالدى. ئۇ تۆپىلىكتىن بېنىڭ مېڭىپ بارغانچە پەسلەپ يىراقلىدى. شاۋكەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى سىلاپ قاراپ تاماكىسىنى كۆچەپ شورىدى.

— ھەي ي، بارمىسام بولامدۇ؟

قىز قايرىلىپ بوستان چاچلىرىنى سىلكىدى.

— ئۆزىڭىزدىن سوراڭ. بىر سائەت ساقلايمەن. بولمىسا ئۆزىڭىزنىڭ شورى.

قىز كېتىپ قالدى، ئالەم كېتىپ قالدى، سوزۇلۇپ ياتقان ئاشۇ تاغلار كېتىپ قالدى. قىران دەرياسى، چاقىلىق دەرياسى، تۆمەن دەرياسى ... ئۇلارنىڭ باغرىدا ئۆسكەن گۈزەل بوستانلار ئەنئەنىۋى ئۇلۇغ ئېقىندىن يېڭى دۇنياۋى ئارىلاشما ئېقىمىغا قاراپ ئەنە شۇنداق كەتتى. بۇ كېتىش ھەققىدە ھازىر ھېچكىم ئېنىق، توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭغا ئەڭ ئۇلۇغ، توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئىگىسى بار.

—كەلدىڭىزمۇ؟

— بېلىق، جېنىم بېلىق، مەن نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن. سىز نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسىز. جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟

— ئەكېلىڭ پۇلنى، ئەمدى ياخشى بولدى. بۇ پۇل جىقكەن. دېگىنىم ھېساب. سىزدىن ئارتۇق ئالمايمەن. سىزنىڭ بۇنچىلىك پۇلىڭىز يوق، چوقۇم مەرد ئاغىنىڭىزدىن قەرز ئالدىڭىز. ھازىر پۇل ئۆتنە قىلىدىغان ئاغىنە تاپماق تەس، ئۇنى قەدىرلەڭ. جۇرۇڭ، بۈگۈن كېچە پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ.

قىز شاۋكەتنىڭ قولىدىن سۆرىگەنچە بۆرىنىڭ كۆزىدەك پالىلدىراپ تۇرغان چىراغلار ئارىسىدىكى قەھۋەخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

3

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇچيۈز ئاتمىش بەش كۈندە سىز قانداق ياشىغانسىز؟ بۇ كۈنلەر ئىچىدە ياشاشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇ دۇنيانىڭ بارلىق يۇقۇندىلىرىنى يۇغۇچىلار يۇيۇپ تازىلاپ يولغا سالدى، ئەمما روھىدىكىنى تازىلاش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

دوختۇرخانا يېڭىدىن سېلىندى. ھېساباتخانىمۇ تاملىرى ئەينەك بىلەن ياسىلىپ، ئىچىدىكىلەر سىرتتىكىلەر بىلەن بىمالال سىنچىلاپ كۆرۈشەلەيدىغان بولغان ئىدى. شاۋكەت چوت ئۇرۇقى بىلەن رەقەم، جەدۋەللەرنىڭ ئىچىدە ياشىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئاشۇ ئەقىدىلىرى، ئېتىقادى، پاراڭلىرى يەنە ئۇنىڭ بىلەن ياشاپ كەلمەكتە، ئولتۇرسا - قوپسا سۆزلەيدۇ، قاقشايدۇ، نەپرەت ئوقۇيدۇ.

بېلىقىز ئۇنى سېغىنىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ، گۈزەللىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر يېغىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھېساباتخانىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ھېساباتخانا ئالدىدا بىر توپ ئادەم توپلىشىۋالغان، بىر داد - پەرياد ئەتراپنى زىلزىلىگە سالماقتا، كىشىلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماقتا ئىدى. بېلىقىز توپ ئارىسىنى كۆردى. سېمونت پولغا قان يامرىغان ئىدى. بىر ئادەم تاتارغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ يوتىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئىككى تال كالتا تاختايدەك ياپىلاق بولۇپ قالغان ئىدى. ھېلىقى ئادەم توختىماي دادلايتتى:

— ۋايجان ... ۋايجان مۇسۇلمانلار، مەن ئۆلۈپ كەتتىمەي... مەن ئۆلۈپ كەتتىمەي. چۆچۈرىدەك باش بالام يېتىم قالمىسۇن. ماڭا رەھىم قىلىڭلار... بالىلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. مېنىڭ پۇلۇم بار. مەن گۈلچى. ئوتتۇز مىڭ كوي پۇلۇم بار. ماڭا ئىشىنىڭلار... ۋايجان، مەن تىرىكلا قالسام ئون ھەسسە قايتۇراي...

قان توختىماستىن چىقماقتا ئىدى.

— ئۇنى جىددىي قۇتقۇزسا بولامدۇ؟

— بەش يۈز كوي بولمىسا، قوبۇل قىلمايدىكەن. بۇ بىچارىنىڭ يانچۇقىدا يەتمىش كوي باردىكەن، پۇل چىقىرىدىغان ئادەم يوق. ماشىنىغا باستۇرۇۋەتكەن مۇناپىق قېچىپ كېتىپتۇ. سايدا بولغاندىكەن قۇتۇلاي دېگەن ئوخشايدۇ بەدبەخ. باشقا بىر شوپۇر ئالغاچ كەپتۇ.

بېلىقىز يەنە كۆرۈپ تۇرۇشقا چىدىمىدى. ھېساباتخانىنىڭ ئەينەك تېمى ئالدىغا كەلدى. ساقاللىق شوپۇر ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— ھەي سىلەر ئادەممۇ نېمە. يېنىمدا ئىككى يۈز كوي باردىكەن. ئۇ ھازىرلا ئۆلىدۇ. بارنى ئېلىپ ۋاقتىدا قۇتقۇزساڭلار ئون ھەسسە دېسەڭلارمۇ بېرەي، مەن بېرەي. ئۇنى قۇتقۇزساڭلار... ئەستاغپۇرۇللا... ئۇ تېخى ياشكەن، بالىلىرى باردىكەن. پۇلىمۇ باردىكەن. ئادەمنىڭ يانچۇقىدا دائىم جىق پۇل بولامدۇ؟

شاۋكەت جوغدا بېشىنى سىلكىپ تەك ۋارقىردى:

— سىلى ئۇنداق دەپ ھازىر ئېيتىپ قويغان بىلەن، كېيىن ئىگە بولمىدىغان ئادەم چىقمايدۇ، مەن تۆلەمدىم ئاندىن. بۇنداق ئىشتىن كۆرمىگىنى كۆرۈپ. نەچچە قېتىم ئېغىر كەن

دەپ ئېيتقۇيۇپ، ئاخىرى ئىسگە چىقماي پۇل مېنىڭ كەينىمگە چۈشكەن.

ئىشقىلىپ بۇ ئىشنى بىجىرەلمەيمەن. باشلىقتىن بۇيرۇق ئەكەلسىلە، ھازىر ئالاي.

— ئوبدان ئۇكام، باشلىقنى تېپىپ تەستىق ئېلىپ بولغىچە كېسەل ساقلىمىدۇ. رەھىم-شەپقەت دېگەننى بىلمەملا ئۆزلىرى.

— ھە، بىلمەيمەن، قانداق؟!

شاۋكەت ناھايىتى قوپال ۋارقىرىدى. شوپۇر توپلاتغان خالايىققا ۋارقىرىدى:

— مۇسۇلمانلار، سىلەرنىڭمۇ بالا-چاقاڭلار باردۇ؟ ما بىر مۇسۇلماننىڭ جېنىنى قۇتقۇزايلى. باش-كۆزۈڭلارنىڭ سادىقىسى بولاي، ئاتىمغىنىڭلارنى تاشلاڭلار...

ھەممە ئادەم ئالدىراپ يانچۇق كولاشتى.

— بولدى، مەن بېرەي.

بېلىقىمىز چىرايلىق سومكىسىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شاۋكەتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بىر توپ ئەر تۇرۇپ بىر ئايالچىلىك بولالمىدۇق، — دېدى شوپۇر ۋايساپ.

شاۋكەت دەسلەپ دىققەت قىلمايلا پۇلنى ئالدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بېلىقىمىز...

— چاپسان بولۇڭ، كېسەلنىڭ ئەھۋالى چاتاق.

— ئۇ ئادەم سىزنىڭ...

— ھەئە، مېنىڭ دادام شۇ.

رەسمىيەت ئۆتەلدى. كېسەل قۇتقۇزۇش كاردۇرىغا چىققاندا نەپەستىن قالدى. ئۇنىڭ قېنى كاردور بويلاپ ئاققان ئىدى. بېلىقىمىز ئادەمدىن شۇنچىۋالا قان چىقىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

شاۋكەت دوختۇرخانا ئالدىغىچە بېلىقىمىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقتى.

— بىز مۇڭداشساق بولاتتى، نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى.

— مىللەت ھەققىدىمۇ؟

— دەل شۇنداق. كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، — ئېچىلىپ يايراپ كەتتى شاۋكەت.

— ئەسلىدە مۇڭداشماقچىدىم، بولدى، مۇڭداشمايلا قويايلى.

— خىزمەت تەقسىماتىڭىز قانداقراق بولدى؟

— ئەلۋەتتە ياخشى بولمىدۇ-دە.

— توي قىلدىڭىزمۇ؟

— ياق تېخى. يىگىتلەر جىق، لېكىن ئەركىمنى تاپماق تەس بولۇپ كەتتى، شۇڭا تېخى تاللاۋاتىمەن.

— يەنە پۇل....

— شۇنداق، پۇل ئادەمگە دائىم ئېھتىياجلىق نەرسە.

— بۇ ياققا نېمە ئىش بىلەن كەلگەنتىڭىز؟

— سىزنى سېغىنىپ. سىز بىلەن مۇڭداشقىلى.

— ئەمىسە نېمىشقا ھازىرلا كېتىسىز؟

— بۇ سىزگە بەكمۇ ئايدىڭ. مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قانغۇدەك مۇڭداشتۇق. مەن ھازىرلا قايتىپ كېتىمەن.

بېلىقىمىز تاكسى توسۇپ چىقىۋالدى.

— خەير، كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزدىكى ئاخىرقى كۆرۈشىمىز بولۇپ قالمىدۇ.

— ئۇنداق دەپكەتەك. مەن خەت يېزىپ يېڭى پىكىر، قاراشلىرىمنى سىزگە يېزىپ ئەۋەتىمەن. قايسى كەسىپتە ئىشلەيدىڭىز؟

— ئۆسۈملۈك تەتقىقات مەركىزىدە. خەت يازسىڭىز تەگمەيدۇ، شۇڭا ھاجەتسىز.

ماشىنا غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى. بىردەمدىلا ساناقسىز ماشىنىلار ئېقىمى ئىچىگە سىڭىپ پەرق ئەتكىلى بولماي قالدى.

شاۋكەت تاماكىسىنى لېۋىگە يېقىن ئەكىلىپ كۇسۇرلىدى:

— ھۇ، سېسىق ئالۋاستى جالاپ، ھالىڭنى كۆر، — دېدى دىمىقىنى قېقىپ.

1991- يىل 20- ئىيول، قەشقەر



# دولقۇنلار ساداسى



(ھېكايە)

**سەبرى**

تىنچ ئوكيان قوينىدا — قۇرۇقلۇقتىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز تېگىدىن تۆت مىڭ مېتىردەك ئېگىزلىكتە، تىنىمسىز، دولقۇنلۇق، چەكسىز، تىنىق قارا كۆك سۇ ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن. ئەتراپقا قاراشمۇ، ئولتۇرۇپ خىيال قىلىشمۇ قورقۇنچلۇق - دەھشەت. ئۇلۇغ سەييياھلاردىن بىلىدىغىنىم كولۇمبۇ، ماگېللان؛ كاپىتان گرانتنى ئىزدىگۈچىلەر. دېڭىز - ئوكيان ھەققىدە ئوقۇغان كىتابلىرىم «روبىنزون كىروزو» بىلەن «سىرلىق ئارال»؛ «سۇسىما»دىمۇ ئوكيان ھەققىدە — بالتىق دېڭىزىدىن بوخەيگىچە قىلىنغان نەچچە ئايلىق سەپەر تەپسىلاتلىرى يېزىلغان. مەن بۇ ئۇلۇغ سەيياھلارنى بۈگۈن تولىمۇ چۈشەندىم. ئۇلار ئۆلمەس قەھرىمانلار، ئىنسان سۈپىتىدە قەيسەر، سەيياھ سۈپىتىدە تۆھپىكار، جانلىقلار بويىچە ئۆلمەسلەر ئەنە شۇ سەيياھلار ئىكەن.

مۇشۇ قارا كۆك سىياھدەك تىنىمسىز، سىرلىق مۆجىزات — ئوكيانلار بەش مىليارد يىلدىن بېرى يەر شارىنىڭ باغرىنى غاجاپ

كەلمەكتە. مانا هازىر ئوكيانلار يەر شارىنىڭ يەتمىش بىر پىرسەنتىنى، قۇرۇقلۇق ئارالىلا يىگىرمە توققۇز پىرسەنتىنى تەشكىل قىلماقتا. يەر شارىنى چۆرگىلەپ شۇنچە يىلدىن بېرى ئېقىپ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئوكيانلار ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىمۇ ياكى دوستىمۇ؟ ئىنسانلارچۇ؟ ئوكيان قوينىدىن چىققان بۇ ئالىي دەرىجىلىك هايۋانمۇ هازىر ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىنى خۇددى ئوكيانلاردەك غاجىماقتا. پەيدا بولغىنىغا تەخمىنەن مىليون يىل بولغان بۇ هايۋان ئەقلى تەرەققىي قىلغانسېرى كۆپەيمەكتە، ۋەھشىيلەشمەكتە. بۇندىن 15 مىڭ يىل ئىلگىرى 10 مىليونغا يەتمەيدىغان بۇ دانا مەخلۇقات هازىر 5 مىلياردتىن ئاشتى. لېكىن ئۇ دانا بولغىنى بىلەن شۇنى ئەمدىلا بىلمەكتە: يەر شارى كىچىكلىمەكتە، ئىنسانىنى بېقىش يەرگە تەس كېلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەر شارى ئۆز دۈمبىسىگە سالجىدەك چاپلىشىۋالغان بۇ تېز كۆپەيگۈچىدىن بىزار. ئۇ: «سېنىڭ ماكانىڭ دېڭىز، تېزراق دېڭىزغا قايت!» دەپ ئىنسانغا نالە قىلماقتا...

مەن خىيالدىن سەگىدىم، پاراخوت قاتتىق سىلكىنمىگەن بولسا سەگمىگەن – بايىقى ئىنسان، تەبىئەت ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى داۋاملاشتۇرغان بولاتتىم. ئوكيان قوينىدا يوپۇرماقتەك لەيلەپ يۈرمىگەن بولسام بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسىنى قىلمىغان بولار ئىدىم. مېنىڭ ئىنسانىيەت ھەققىدە پىكىر قىلىشىم، كىتابلاردىن بىلىۋالغان چالا – بۇلا بىلىمىمنى كۆز – كۆز قىلىپ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈم بەلكى تۇنجى...

دېڭىز قارايماقتا، ئاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنلار كۆپەيمەكتە. ئوتتەك قىزدۇرۇپ چارچىغان قوياش دېڭىزغا چۆككەن. دولقۇنلار شامالنى كۈچەيتمەكتە. پولات پالۋىدا ئادەملەر كۆپەيمەكتە. ئۇلار دولقۇنلاردىن، دولقۇنلار ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن «ئۇچار» بېلىقلاردىن، ئويۇنچى خەيتۇنلاردىن زوقلىنىۋاتسا كېرەك. بولۇپمۇ بۇنداق تەسىرلىك مەنزىرە بىزنىڭ تېلېۋىزىيە سۈرەتچىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز. ئەنە ئۇ ئاپپاراتىنى دولقۇنلار بىلەن بېلىقلارغا توغرىلىماقتا. ئۇنىڭ كېلەڭسىز، يېقىمسىز گەۋدىسى بۇنداق چاغلاردا تولىمۇ ئەۋرىشىم، ھەرىكەتچان بولۇپ كېتىدىكىنا؟ يىلاندەك تولغىنىشى، قاپلاندەك ئىرغىشلىرىچۇ تېخى؟ ئادەم دېگەننىڭ سىرى تولا – ھە؟ بايا مېنى بىزار قىلىپ مەن ياتىدىغان يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئوڭدا يېتىپ خورەك تارتىۋاتقىنىدا كىممۇ ئۇنى چاققان، ئەۋرىشىم دەپ ئويلار ئىدى. «ئوپېراتورمەن» دەپ قويىدۇ تېخى. دېمىشكە ھەققى بار – دە. ئۇنىڭ ئالغان كۆرۈنۈشلىرى راستلا سەنئەتلىك. خۇددى بىر كۆرۈنۈشى بىر پەردىلىك تىياتىر – دە. دېڭىزنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆز ئەينىكىنى تىلى بىلەن يالاپ كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئوبرازى ئەجەب تەبىئىي – گۈزەل ئېلىنىغان – ھە؟ مەن شۇنچە جىق دراما، تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىپتىمەن، لېكىن بۇنداق ئاددىي ھەرىكەت بىلەن ئىچكى دۇنيانى ئېچىپ بېرەلەيدىغان كۆرۈنۈشنى بىر قېتىممۇ تەسۋىر قىلالماپتىمەن. ئەنە قارا، ئۇ زەمبىرەك سىتۋولغا يامىشىۋېلىپ دېڭىزغا زوق بىلەن تەلمۈرۈۋاتقان ئايالنى سۈرەتكە ئالغىلى تۇردى. بۇ ئايال ھەم زوقمەن، ھەم قورققاق. ئۇ دېڭىزنى قورقۇپ تۇرۇپ سۆيىدۇ، خۇددى مۇھەببەت بوسۇغىسىغا تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان

ئىپپەتلىك قىزلاردەك. ئوپېراتور ئايالدىكى بۇ نازۇك، زىددىيەتلىك ئىچكى ئالەمنى مەندىن بۇرۇن بايقىغان - ھە؟ ئۆزى پالاكەت، كىشىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان كەمسۆز، گۈمۈش بولغىنى بىلەن بايقاش ئىقتىدارىدا مەندىن يۇقىرى ئوخشايدۇ بۇ كاساپەت.

- ھەي ئاداش! - مەن تېخىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن. ئۇنى ئاچچىق تىل بىلەن «ئاددىشوي» دەپ چاقىرىمەن. ئۇ «ھە» دېيىشىنىڭ ئورنىغا تىمساقتەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپلا قويىدۇ. مېنى چاقىرغاندا «ئۇستاز» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىكمۇ ياكى زامانىۋى تىل تاللاپ ئۆزىنى كۆرسەتكىنىمۇ؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىملا خۇددى مۇشۈككە يولۇققان چۈجىلىك مېكياندەك ھۈرپىيىمەن.

- ئۇستاز، گەپ قىلىدىلىمۇ؟

- ياق، ئىسمىڭىنى چاقىردىم.

- تەكلىپلىرى بارمىدى ئۇستاز؟

- ئاۋۇ يالىڭاچلىنىپ قارت ئويناۋاتقان ماتروسلارنى خاتىرىگە ئېلىپ قويساڭ قانداق؟

- تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا قوشۇمچە ماتېرىيال بولىدىغاندەكمۇ؟

- قىزىلبايراق ئاستىدا چاست بېرىپ تۇرغان ماتروسلارغا قارىغاندا، مۇنۇلار ئادەمگە تەبىئىي تەسىر بېرەلەيدۇ.

- ئۇلار قارتقا بېرىلگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ماھىيەتتە...

- دېڭىز تۇرمۇشىدىن تولىمۇ رازى دېمەكچىمۇ سەن؟

- شۇنداق دېسەمۇ بولىدۇ. مۇھىمى ئىنسانىدىكي تەبىئىي زوق، ھاياتتىن لەززەتلىنىش تۇيغۇسى...

- بولىدى، سېنىڭ ئىزاھاتىڭ تۈگىمىگۈچە مەنزىرە ئۆزگىرىپ بولىدىغان بولدى. كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ قارا يىگىتنىڭ بېشىغا سۇ چاچرىدى، ئۇ ئەندىكىپمۇ قويمىدى.

پاراخوت - سەككىز زەمبىرەك ئورناتقان، پالۇبىسى 200 مېتىردەك كېلىدىغان پولات ئۆزگۈچ جەنۇبقا قاراپ بىر خىل سۈرئەت بىلەن تەۋرىنىپ، ئېغاڭلاپ كېتىپ بارماقتا. ئەتراپ قاپقارا سۇ، بۇژغۇنلارمۇ سۇس ئاق كۆرۈنىدۇ. دېڭىز شامىلى كۈچەيگەن، ئوكيان تولىمۇ سۈرلۈك، ئۇ خۇددى يەر شارىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھۆركىرەيدۇ، خىرىس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ شاۋقۇنلۇق. بۇنداق چاغدا ئوكيانغا قاراشمۇ، ئوكيان توغرىسىدا ئويلاشمۇ قورقۇنچلۇق: سېنىڭ ئاستىڭدا 4000 مېتىر قېلىنلىقتا سۇ بار، مەن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. دېمەك، مەن شۇنداق ئېگىز چوققا ئۈستىدە. بۇ چوققا تاش ئەمەس، سۇ. كاپىتاننىڭ گېپى يادىمغا كەلدى: ياپونىيىنىڭ قىممەت ماللار بېسىلغان پاراخوتى فىلىپپىن ئارىلى ئەتراپىدا دېڭىز يولىدىن چىقىپ كېتىپ، دېڭىز تېگىدىكى خادا تاشلار پاراخوتنىڭ تېگىنى سىجاپ تېشىۋەتكەن، پاراخوت ئىچىگە سۇ تولۇپ دېڭىزغا چۆككەن. لېكىن ئۇنىڭ بىر چېتى 7000 - 8000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دېڭىز ئاستى تېغىنىڭ بىر چوققىسىغا قونۇپ قالغان. قۇتقۇزۇشقا كەلگەن پاراخوت ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ئىلاجسىز قالغان. سەۋەب، ئۇنى كىران بىلەن تارتسىلا ھالاك بولغۇچى پاراخوت قۇتقۇزغۇچىنىمۇ بىللە سۆرەپ دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كېتەرمىش. تېنىم شۈركىنىپ، بېشىم قايغاندەك

بولدى - دە، دەرھال بىز ياتاق قىلىۋالغان كىچىك زالغا دەلدۈڭشىپ ماڭدىم.

پالاكەت ئوپېراتور يەنە مېنىڭ ئورنۇمدا ئوڭدا يېتىپ خورەككە تېگىپتۇ. ئۇنىڭ خورىكى ئاۋۇ قاپقارا ئوكياندىن كېلىۋاتقان ئاچچىق شامالدىنمۇ، نېرىقى ھاجەتخانىدىن كېلىۋاتقان قاڭسىق پۇراقتىنمۇ يامان. «گەپ قىلىڭ» دېسە تاڭغا چىشلىۋالغاندەك تۇرغىنى بىلەن خورەككە يامانكىنا. ئۇنىڭ كارنىيىدىن چىڭقىلىپ چىقىۋاتقان بۇ رىتىملىق، يىرگىنىشلىك ئاۋازنى ھەر قېتىم ئاڭلىسام ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم بىر ھەسسە ئاشىدۇ. خەقلەر ئۇنى «سەممىي - سادىق، قابىل يىگىت» دېيىشىدۇ تېخى. ئالدىمدا ئوڭدا يېتىپ ئىككى قولىنى قىمىز تولغان تۇلۇمدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان قورسىقىغا قويۇۋالغان، ئاغزى خور تۇۋلاۋاتقاندەك يوغان ئوچۇق، يۈزلىرى خام ئۆپكىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ مەخلۇقنىڭ نەرىدىنمۇ ساداقەت - سەممىيلىك ئىزناسىنى تاپقىلى بولاركىنتاڭ؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك مۇشۇ ئوپېراتور بىلەن بىللە ئوكيان قوينىغا كىرگىنىم نېمىسى؟ ئىجادكارغا خاس ئىنساب، توغرىلىق بىلەن ئويلانساممۇ بۇ ئوپېراتورنىڭ بەدىنىدىن ماڭا ياققۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم.

- مەن دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلىمەن! - ئۇ كۆزىنىمۇ ئاچماي، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈۋېتىپ جۆيلىدى. جۆيلىدىمۇ، ئالجىدىمۇ؟ دەر گۇماندىمەن. ئۈندىمەسلەر بىر بولسا دانالار، بىر بولسا ساراڭلار. دانالار تولا ئويلايدۇ، ئاز گەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەكۈن، ھۆكۈم، قانۇن، مۆلچەر، ئارزۇ، ئۈمىد ... ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قىممەتلىك بايلىقلار سۆز بولۇپ چىقىدۇ. ساراڭلار بولسا ھايۋانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندىلا گەپ قىلىدۇ. ئۇ گەپ كالىنىڭ مۆرىشى، ئىتنىڭ ھاۋشىشى، قوينىڭ مەرىشىگە ئوخشاش. ئوپېراتور دانامۇ؟ ياكى ساراڭمۇ؟ ساراڭ دەي دېسەم ئۇنىڭ ئوبراز تاللاش قابىلىيىتى بەكمۇ يۇقىرى، ئۇنىڭ تاللىغان بىر كۆرۈنۈشى مېنىڭ بىر قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىمنى بېسىپ كېتىدۇ، مەن بۇنىڭغا قايىل. لېكىن ئۇنى دانا دەي دېسەم قىلىقلىرى ماڭا ياقمايدۇ: باغدىن گەپ قىلساڭ تاغدىن جاۋاب بېرىدۇ، خاپا بولسىمۇ، خۇشال بولسىمۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى قىيسايتىپ كۈلكە بىلەن يىغىنىڭ مۇقەددىمىسىدەك بىر خىل يېقىمسىز ئىلجاراش بىلەن ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويىدۇ. دانا بولسا ئۇنىڭ كۆزلىرى، پېشانە، لەۋلىرى ئىپادە بىلدۈرگەن بولماسمىدى؟ خىيالچان دانالارنى كۆپ كۆرگەنمەن: ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن، كۆزلىرىنىڭ چىمىرلىشىدىن مەنە ئوقۇغانمەن، لېكىن مۇنۇ ئوپېراتورنىڭ چىرايىدىن مەنە ئەمەس، بىر خىل ھاڭۋاقتىلىق، لايغەزەللىك چىقىپ تۇرىدۇ. تېخى دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلەرمىش. كۆڭگا شېئىرلارنىڭ سىرلىرىمۇ ياكى ئۆتكەن دانالار ھۆكۈمىنىڭ تالقانلىرىمۇ؟ «ئىنسان دېڭىزدىن چىققان، يەنە دېڭىزغا قايتىدۇ» دېگەن سۆزنى نۇرغۇن دانالار ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

- مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم! - مەن ئورۇندۇقتا مۈگدەپ ئولتۇرسام ئۇ تۇساتتىن شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى - دە، كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

«خۇداغا شۈكرى، مەنمۇ ياتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ يالغان كۈلۈپ قويۇپ چاقچاق قىلدىم:

— ياخشى، يېرىم كېچە، ئەمدى مەنمۇ بىر چۈش كۆرۈۋالاي!

بۇ پاراخوتتا مۇشۇنداق «كارىۋات»قا ئىگە بولماق تولىمۇ چوڭ ئىش. ماتروسلارنىڭ ياتىقى خۇددى تونۇردەك دىمىق بىر پولات ساندۇق. مەن ئۇلارنىڭ ياتىقىنى كۆرۈۋېتىپ: «50-يىللاردا ياسالغان بۇ ھەربىي پاراخوتنىڭ لايىھىلىگۈچىلىرى ماتروسلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئازادە، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان ياتاق ياساشنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدى؟ ئاھ، دۇنيا، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ بېشى نەدىدۇ، قۇيرۇقىنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بەلكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ماتروسلىرى ئازادە، يۇمشاق، سالقىن خانىلاردا ياتىدىغانلاردۇ، بىزنىڭ چىداملىق يىگىتلىرىمىزگە ئاپىرىن، ئۇلار دوماپېچ ئىشچىلىرىدەك يالىڭاچ، لېكىن شۇنچە روھلۇق!» دېگەن ئىدىم. ئۆزۈممۇ روھلانغان ئىدىم. لېكىن ھازىر خىيالىم ئۆيۈمدىكى ئارامبەخش ئېيتىدىغان كارىۋىتىمغا يۆتكىلىۋېدى، مۇنۇ ئۇزۇن دىۋان ھەم تار، ھەم خەتەرلىك بىلىنىشكە باشلىدى.

«بىز لەيلەپ يۈرىمىز، — دېگەن ئىدى بايىلا ئوپېراتور چۈشىنى سۆزلەپ بولۇپ، — بىز دەريادىكى چۆمۈلە، پاراخوتىمىز بىر تال يوپۇرماق، ئاستىمىز 4000 — 5000 مېتىر قېلىنلىقتىكى سۇ، سۇنىڭ تېگى تىغدەك تىك قورام تاشلاردىن تۈزۈلگەن ئوكيان تاغلىرى. بىلەمسىز يازغۇچى، گېرمانىيىلىك ئالفرېد لوتار ۋېگېنېر دېگەن ئالىمنىڭ دېيىشىچە، ئىنسانلار قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ، بۇ قۇرۇقلۇق بىر چەكسىز يوغان كېمە، ئۇ ئىنتايىن ئاستا سۈرئەت بىلەن ئوكيانلار ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدۇ. كىشىلەر تىرنىقىنىڭ ئۆسكىنىنى سەزمىگەندەك بۇ سۈرئەتنى زادىلا سەزمەيدۇ...» لېكىن مانا مەن بۇ لەيلەش سۈرئىتىنى سېزىۋاتىمەن. مانا پاراخوت سىڭگايان بولدى، ماۋۇ قانداق سىلكىنىش — ھە، چۆكۈۋاتىمىزمۇ نېمە؟ مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئەتراپىمدىكىلەر دىۋان، ئۈستەل، پول ۋە سەگەنچۈكلەردە بەخىرامان خۇددى ئۆيىدىكىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلىماقتا. يالغۇز مەنلا ۋەھىمە ۋە ئازاب بىلەن: بېشىم ئېغىر، كۆڭلۈم ئاينىماقتا، ئۆپكىلىرىم خۇددى كەچكىچە چالغا چاپقاندەك ئاغرىماقتا. ئوكيان سەييياھلىرى ئىچىدە بىرلا مەن شۇنداق ئاجىز، شۇنداق بىچارىدۇ-ھە؟ تىنچ ئوكياننىڭ قوينى نېمىشقا تىنچ ئەمەس، جەنۇبىي دېڭىز نېمىشقا بۇنچە ۋەھىملىك: «جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىنى ئارىلاپ ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر فانتازىيىلىك تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازىمەن!» دەپ كۆپچىلىك ئالدىدا مەيدەمگە ئۇرغىنىمنى ئۆز ۋىجدانىمغا نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن. نېمىشقا ماڭا تەسەللىي بولغۇدەك بىر سۆز ياكى بىر سەۋەب تېپىلمايدۇ - ھە؟

پاراخوت تېخىمۇ قاتتىق ئېغاڭلىماقتا. بوران بىلەن دېڭىز شاۋقۇنى قوشۇلغان چېغى، مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق گۈركىرەش پەيدا بولدى. ئاھ، بىز ھازىر قۇرۇقلۇقتىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر يەرگە — مالايا تەرەپكە كېتىۋاتىمىز. ھېلىقى 11 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قايىنامۇ مۇشۇ ياقتا ئەمەسمىدى - ھە؟ ئۇ قايىنام فىلىپپىن ئەتراپىدا، قېرىدىشقاندەك بىزنىڭ مۇنۇ ھەربىي پاراخوت نەق شۇ ياققا كېتىۋاتىدۇ. ھېلىقى ياپونىيە پاراخوتىنىمۇ نەق مۇشۇ ياقتا ئوكيان تاغلىرى ھالاك قىلغان ئەمەسمىدى؟...

مەن تېخىمۇ تىترەپ كەتتىمەن، باندۇرماقتىمەن،

ئۆيىدىن سەنتەبىرىكىلەپ پالۋىنغا چىقتىم. بوران مېنى پولات تامغا چاپلاپقويدى. يۈزۈمگە ئاچچىق دېڭىز سۈيى ئۇرۇلدى. قاپقارا دېڭىز سۈيى بېشىمدا ئاق بوژغۇنلۇق دولقۇنلار كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ پاراخوتقا ئۇرۇلماقتا.

ئۇلار توپ ئۇرۇشنى مەشىق قىلىۋاتقان ۋالىبول ماھىرلىرى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ پاراخوتنى دۈمبالىماقتا. قېنى بۇ ماتروسلار، قېنى ھېلىقى كۈلۈپلا تۇرىدىغان قامەتلىك كاپىتان؟ ئۇلار نېمىشقا مۇنۇ دولقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرمايدۇ. پاراخوتنى داۋالغۇشتىن ساقلىغۇدەك بىر ئامالى يوقمىكىنە؟

مەن ئەمدى ئۆمىلەشكە باشلىدىم. تولا ياندۇرۇپ ئىچىمدە ھېچ نېمە قالمىدى. مانا، يۈرەك باغرىم بوغۇزۇمغا تىقىلدى. مەن پاراخوت ئۈستىدە بۇ گۈزەل دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ئوخشايمەن. مەن پالۋىغا كىرىۋىدىمكە — تۆمۈر شالاسۇنلارغا قاراپ سىلىجىۋاتىمەن. شالاسۇنلار مېنى ساقلاپ قالالارمىكىن. ئۈستۈمگە كۈچلۈك دولقۇن ئۇرۇلدى. مەن ئەندىكتىم...

— ئوپېراتور بولمىغان بولسا، بىر تالانتلىق يازغۇچىمىز لەھەڭگە يەم بولاتتىكەن!...

— تۆمۈر شالاسۇننىڭ يېنىغا كەپتىكەن، دولقۇن چاچراپ چىقىپ ئۇرۇپ يىقىتقان ئوخشايدۇ.

— ياق.. تولا ياندۇرۇپ، تولا قىينىلىپ ئازابقا چىدىيالماي ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ.

— ئۆتكەندە تۆت ئىلمىي خادىم مۇشۇنداق ئازابقا چىدىماي دېڭىزغا سەكرىگەن، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا چۈشكەن ماتروسلارمۇ بىراقلا ھالاك بولغان. زىيالىي دېگەننىڭ چاتىقى جىق بولىدۇ زادى.

— دېمىسىمۇ بۈگۈن يەتتە بال بوران چىقتى، پاراخوت ئۆرۈلەيدۇ. لېكىن داۋالغۇش قاتتىق، سۈرئەت ئاستا بولىدۇ، ئازاب قاتتىق بولىدۇ.

— ئىنسان دېگەن قالتىس - ھە، ئامالى قالمىغاندا ئازابتىن ئۆلۈم بىلەن قۇتۇلۇۋالىدۇ.

— ئۆلۈممۇ ئازابقۇ؟

— ياق، ئۆلۈكلەر بىلەن تۇغۇلمىغانلارغا ئازاب يوق.

— توغرا، ياشاش دېگەن سۆز ئۆمۈر بويى ئازاب بىلەن ئېلىشىش دېگەن سۆز. قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئازابنى يەڭسەڭلا بولدى - دە!

مەن ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن. مېنى ئاشۇ ئوپېراتور شالاسۇن يېنىدىن كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن ئوخشايدۇ. ئەترابىمدا كىملەر باركىن. مەدھىيە، مازاق، پەن - يەلسەپە ئارىلاشمىسى بىلەن تۈزۈلگەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئوچۇق ئاڭلاپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ، ئوڭدا ياتىمەن. ماڭا ئوكۇل سالدىمۇ ياكى بوران توختىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا بىز كۆزلىگەن تاقىم ئارالغا يەتتۇقمۇ؟ بۇلار ماڭا قاراڭغۇ. مەن ھوشۇمغا كەلدىم، كۆڭۈل ئاينىشىمۇ پەسەيگەن. تۇرۇپلا كۈلگۈم، تۇرۇپلا يىغلىغۇم كېلىدۇ، چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىرادەم بىلەن بولغان ئەمەس. مەن كۆڭۈل ئاينىش، ھوشىدىن كېتىش دېگەنلەرنى غەيرەت - جاسارەت بىلەن توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. ناۋادا بىرسى مەن بىلەن بۇ توغرىدا مۇنازىرىلەشكەن بولسا، مەن كىتابىي بىلىمىم بىلەن ئۇنى يەڭگەن بولاتتىم. لېكىن مەن ھازىر ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا

يەرگە قارايمەن.

— بۇ ئۇستاز تولىمۇ جاسارەتلىك ئىكەن، — دېدى ئوپېراتور ماڭا تونۇشلۇق گاراڭ - كۆرۈك ئاۋازى بىلەن، — ھوشىنى يوقىتىپتۇ-يۇ، قوللىرى رېشاتكىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. خېلى چوڭ دولقۇن كېلىپ ئۇرسىمۇ پاراخوتتىن ئاجرايدىغاندەك ئەمەس، بىز ئۇنىڭ قوللىرىنى تەستە ئاجراتتۇق.

— پاھ، ھوشسىز يېتىپمۇ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپتۇ - دە.

— مەن نەق شۇ كۆرۈنۈشنى سىنىغا ئېلىۋالدىم.

مەن ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم:

— ئۆچەرگىن، ھەي كالامپاي، تېزراق ئۆچۈرۈۋەت، مەن ساڭا ئويۇنچۇق بولىدىغان ئادەم ئەمەسمەن.

— ئويۇنچۇق ئەمەس، ئەسەر قەھرىمانىسىز. مېنىڭ بۇ سۈرىتىم چوقۇم بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ!

بېشىم ئايلاندى، يەنە ئورۇندا ياتتىم. پاك بولۇپ قالسام قانداق ياخشىدى، بۇ سۆزمەنلەرنىڭ مەدھىيە بىلەن مازاق، پەن بىلەن پەلسەپە ئارىلاشقان سۆزلىرىدىنى زادىلا ئاڭلىغۇم يوق.

—«ھاياتى كۈچ» نەزەرىيىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسان بەدىنىدە بىر خىل بەز بارمىش، بۇ بەز ھېچقانداق ھايۋاندا يوقكەن. ئۇ بەز ئىنسان ھاياتى كۈچ ماشىنىسىنىڭ پائالىيىتىگە ياردەم بېرەرمىش. شۇڭا ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن ھالاك بولغاندىمۇ روھىي جەھەتتە غايە ئۈچۈن تىرىشىپ ئاخىرقى غەلىبىگە يەتمىگۈچە ئۆلمەسمىش.

— شوپېنخائۇئېرنىڭ «ئىرادە ۋە غايىۋى دۇنيا» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىلمۇ بۇ، لېكىن سىز مەۋجۇتچىلىق پەلسەپەسى بىلەن ئىنسان ئىسلاھى چۈشەنچىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىسىز. بۇنى نېمىزى مۇنداق شەرھلىگەن...

قۇلىقىمنى لوڭگە بىلەن ئېتىۋالدىم. مەن باشقىلارنىڭ مېنى روھىي ئوپېراتسىيە ئوبيېكتلىكىگە ياتقۇزۇۋېلىشىغا يول قويمايمەن. بەلكى ئۇستۇمگە ئۆرۈلگەن دولقۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن رېشاتكىغا يامىشىۋاتىمەن. شۇنىسى ئېنىق، مەن ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىمىغان، قەھرىمانلىق خىيالىمۇ كەلمىگەن. چاشقانمۇ سۇدا قالسا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغۇ، مەن ئۆزۈمنى مۇداپىئە قىلدىم، ئۆلۈشنى خالىمىدىم. بۇ چۈشىنىشلىك - تەبىئىي ھەرىكەت. مۇنۇ نەزەرىيىچىلەرنىڭ مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالغىنىغا غەجىقىم كەلدى. مەن ئاخىر تاقەت قىلالماي ۋارقىرىدىم:

— سادىغاڭ كېتەيلەر، ماڭا ئارام بەرسەڭلارچۇ!

— مەن ئاجايىپ چۈش كۆردۈم، — دېدى كېلەڭسىز ئوپېرا تۇر ئەپچىنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، — بۇنداق چۈشنى يەتتە يىل بۇرۇندا داۋالغۇپ تۇرۇپ ئۇخلىيالىغان ئادەملا كۆرەلەيدۇ.

— مانا، يېڭى سېھرىي ھېكمەت، — دېدى «پەيلاسوپ» يىگىت خىرىلداپ كۈلۈپ. — «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تەك - ھە. لەيلەپ يۈرۈپ كۆرگەن چۈش دېسەك بولار - ھە؟ ھۆرمەتلىك ئوپېراتور بۇ چۈشىڭىزنى قېنى بىر ئاڭلاپ باقايلى.

— مەن شۇنداق بىر چۈشنى كۆرۈپتىمەن، — دەپ تەنتەنە بىلەن چۈشىنى سۆزلەشكە باشلىدى ئوپېراتور بىردىنلا خۇددى دىكتورلاردەك

ئېيتىق، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن سۆزلەپ، — مەن چۈشۈمدە ئۇچار بېلىققا مىنىپتىمەن. كۆلمەكلەر، راست، ئۇچار بېلىق كىچىك، كىچىك بالىنىڭ قولىدەك بار. مەن نېرىستىدەك كىچىكلىمىدىم، بېلىق لەھەڭدەك يوغىناپتۇ. ئۇ دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە تېز تۇرغۇدەك. 20 مېتىردەك كېلىدىغان دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ماڭا قاراپ ۋارقىرىغىدەك:

— برازىلىيە قىرغاقلىرىغا بارامسەن؟ بىلەمسەن، ئۇ يەردىكى ئۆسۈپ چىققان جايلار بىلەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى كەمتۈك جايلارنى جۈپلىسەڭ راسا ياپسا كېلىدۇ. مەن سېنى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئاپىرىمەن. برازىلىيىنىڭ شەرقىدىكى تۇمشۇقلاردىن ئافرىقىدىكى گۋىنىيە قولتۇقىغا ئاپىرىمەن. سەن شۇ چاغدا قۇرۇقلۇقنىڭ خۇددى ناندەك سۇنغانلىقىنى بىلىسەن! — دېدى.

مەن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ سىلىق دۈمبىسىگە مىندىم، ئۇ مېنى تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئېلىپ ماڭدى. مەن تاغدەك دولقۇنلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم. مەن شۇنى بىلدىم: راستىنلا برازىلىيە قىرغاقلىرىدىكى ئۆسۈپ چىققان جايلار بىلەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى كەمتۈك جايلارنى، برازىلىيە قىرغاقلىرىدىكى قولتۇقلار بىلەن ئافرىقا قىرغاقلىرىدىكى تۇمشۇقلارنى ياپسالىساق قۇرۇقلۇق تۇتىشىدىكەن. بۇ ماسلىشىش ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ۋەگېنېر توغرا ئېيتقان: ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقى ئىلگىرى بىر پۈتۈن قۇرۇقلۇق بولغان ئىكەن. قۇرۇقلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان يەر قاتلاملىرى، تاغ تىزمىلىرىمۇ ئۆزئارا ماس، ئىككى قىرغاقتىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ئورۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. مەسىلەن، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ قولۇلىسى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ شىمالىي ئامېرىكا قىرغاقلىرىدىمۇ بار ئىكەن. برازىلىيە بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ يەر قاتلاملىرىدىن ئوخشاشلا تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋىرلار تېپىلغان. قۇلۇلە بىلەن بۇ ھايۋان ئۆمىلىگۈچى، ئۇلارنىڭ ئوكيانلاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلۇغ بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىننىڭ ئوخشاش جانلىقلار ئارىلىقى يىراق ئىككى جايدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم شەكىللىنەلمەيدۇ، ئۇلار مۇقەررەر ھالدا بىر جايدا پەيدا بولىدۇ، دېگەن تەلىمىنى ۋەگېنېرنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمى تولۇق ئىسپاتلىدى. مەن ئۇچار بېلىققا مىنىۋېلىپ ئوكيان سەيلىسى قىلمىغان بولسام، ۋەگېنېر بىر ئىسپاتچىدىن قۇرۇق قالغان بولاتتى. بۇنىڭدىن 200 مىليون يىل ئىلگىرى ھازىرقى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئاۋىستىرالىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپلار تۇتاشلا قۇرۇقلۇق ئىدى. كېيىن پارچىلىنىپ ھازىرقى پارچە - پارچە ھالەتكە كەلگەن. ھىندىستان قۇرۇقلۇقى جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئۈزۈپ كېلىپ، شەرققە كېتىۋاتقان ئاسىيا قىتئەسىگە سوقۇلغان، نەتىجىدە دۇنيانىڭ ئۆگزىسى ھىمالايا تېغى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، بۇ جايلار ھېلىمۇ شىمالغا قاراپ قىستىلىۋاتىدۇ. 1300 يىلدىن بۇيان شىزاڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ ئارىلىقى 60 مېتىر قىسقارغان. ئاۋىستىرالىيە ھازىرمۇ شىمالغا قاراپ ئۈزمەكتە. كەلگۈسى دۇنيا قانداق بولىدۇ؟ يەر شارىنىڭ شەكلى ئۆزگىرەمدۇ؟ قۇرۇقلۇق يەنىمۇ كىچىكلەپ پارچىلىنامدۇ ياكى قايتا قوشۇلۇش بولامدۇ؟ بۇنى تولىمۇ بىلگۈم كېلىدۇ. مەن ئوكيانلارنى

ئارىلاپ چىققىنىم، ئوكيانلاردىن لەمەگىلەر سەكرەپ چىقىپ ماڭا سۆزلىدى:

— يۈتىمىز، بىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يۈتىمىز!

مانا بۇ ئوكيانلارنىڭ ساداسى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

— مەن ياپونىيىلىك مۆجىزە ياراتقۇچى شاگۇدىن تاگلۇڭ ئوخشاش قەيسەر يىگىت. ئۇ ساھابى نامىلىق تۆگىسىگە مىنىپ ئافرىقىدىكى 7000 كىلومېترلىق سەھرايى كەبىرنى كېسىپ ئۆتىمەن دەپ دۇنياغا جار سالدى. ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە ياشلىق گۈزەل بەدىنى قۇم ۋە قۇياشنى بەش ئاي كۆرگەندىن كېيىن ئاستىدىكى تۆگىسى ساھابى ئۆلدى. ئۇ چاغدا لۇڭ تېخى ئارانلا 3000 كىلومېتر سەھرايى كەبىر يولىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇ سەھرايى كەبىرنى كېسىپ ئۆتۈشكە قەسەم بەردى. ئۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇنىڭ روھى دۇنيانى تىترەتتى، ياپون مىللىتىنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇردى. مەنمۇ لۇڭدەك قەيسەر، ئوكيانلارنى باش ئەگدۈرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدىم. بېلىقلارنىڭ تىلى بىر ئىكەن. ئاستىمدىكى ئۇچار بېلىق گېپىمنى خاتا چۈشەنگەن چېغى، بۇ دېڭىز پۇقراسىنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئوخشايمەن، ئۇ بىر مۈڭگۈدى، دولقۇنلار ئۈستىگە چۈشتۈم. ئۇچار بېلىقتىن پاناھ ئىزدەپ قاتتىق بىر ۋارقىرىدىم — دە، ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام، ياتقان يېرىمدىن دومىلاپ چۈشۈپتىمەن!

— ھا — ھا — ھا ...

— پاھ، قارا بۇنى ...

— ۋاي كالامپاي، — دېدىمەن ئۆز — ئۆزۈمگە، — ژۇرناللاردىن ئوقۇۋالغان بىلىمىڭنى كۆز — كۆز قىلىۋالدىڭ — دە!

دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى مەنمۇ ژۇرناللاردىن ئوقۇغان — دە. لېكىن ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭدەك ئۆزلەشتۈرۈپ ئالماپتىمەن. «ۋاي كېلەڭسىز، مەنزىرە تاللاش، گۈزەللىكنى بايقاشنىلا ئەمەس، ئوقۇغان كىتابىدىكى گەپلەرنى يادلىۋېلىپ ھېكايە توقۇشتىمۇ خېلى قابىلىيەتلىك ئىكەنسىنا. لېكىن مەيلى بىمالال بول، مەيلى سەزگۈر، ھېسسىياتچان بول، مەن سېنى ياخشى كۆرەلمەيمەن، سېنىڭ خورەكلىرىڭ، ئوڭدا يېتىشىڭ، تاماق يېگەندە شالاپلىتىشلىرىڭ تولىمۇ يىرگىنىشلىك!»

ئادەم ئاجايىپ قىساسخور مەخلۇق ئىكەن. بىلان ئەڭ قىساسخور مىش، لېكىن ئۇ ئادەمگە يەتمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزدىن ئۈستۈنلەرنى تىللاشقا ئادەتلەنگەن. باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قايىل بولغۇچىلارنى كىتابلاردىن كۆردۈم، تۇرمۇشتا كۆرمىدىم. مەن ئۆزۈمنى يازغۇچىغا خاس خىسلىتىم بار، ئادىل گەپ قىلغۇچى، رەزىللىكنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايمەن. باشقىلارنى كەچۈرۈش بىلەن باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراش ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىككى گۈلتاجى دېگەن سۆزنى ئېغىزىمدىن چۈشۈرمەيمەن. لېكىن شۇنىسى ئەلەم قىلىدۇ: مەن باشقىلارنىڭ ئۆزۈمدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىسەممۇ ھەرگىز ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىر ئەيىبىنى تېپىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ھېسابلاپ ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ ئوپېراتور بارغانسېرى ماڭا يىرگىنىشلىك بىلىنمەكتە. ئۇنىڭ ئەيىبلىرى ئۈستىگە ئەمدى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، چاكىنا دېگەن يېڭى بىر ئەيىبىنى ئەكېلىپ قوشتۇم.

ئۇ يەنە سۆز باشلىۋىدى، مەن ياتقان

يېرىمدىن پەسكە چۈشتۈم. ئۇ دەرھال مېنىڭ ئايىغىمنى پۇتۇمغا كىيگۈزمەكچى بولۇپ:

— ئۇستازا... — دېيىشىگە مەن مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ:

— قويغىنا ئادىشوي! — دېدىم. ئۇ ئاغزىنى سەت قىيسايتىپ:

— بىمارام بولۇۋاتامسىز؟ — دېۋىدى، مەن قوپاللىق بىلەن:

— بولمايچۇ! — دېدىم. «سەن بار يەردە بىمارام بولماي نېمە بولاتتىم» دېۋېتىشكە تاسلا قالدىم.

دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈپ پالوبىغا چىقتىم: تاڭ سۈزۈلگەن، چەكسىز دېڭىز سانسىز دولقۇنلىرى بىلەن تولىمۇ گۈزەل، سېھىرلىك، ئۇلۇغ بىلىنىدى. ئەنە ئۇچار بېلىقلار پاراخوتنىڭ تومشۇقىدا پەيدا بولغان دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە ئۈزمەكتە. ئۇلار يادىن ئاجرالغان ئوققا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا زوقۇم كەلدى، ئۇلار قەلبىمدە ئىلھام قوزغىدى. «مەنمۇ ئۇلارغا مىنىپ ئوكيان كەزسەم» دېگەن بىر شېرىن تۇيغۇ ئەندىلا يېلىنجىۋېدى، پاراخوت قاتتىق سىلكىندى، مەن ئارادىلا پولات تامنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈردۈم. قەلبىمدە يەنە ئوكيان (دولقۇن)غا، ئۆزۈمگە بولغان نەپرەت تۇيغۇسى يېلىنجاپ يالقۇن پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا ماڭا پاراخوتنىڭ تومشۇقىدىكى سۇپىغا چىقىۋېلىپ كۈننىڭ قىزىل سۇ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىشىنى تاماشا قىلىۋاتقان ساياھەتچىلەرمۇ سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن مېنىڭ يازغۇچىغا خاس پەزىلىتىم قەلبىمدىكى نەپرەت ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە تەمشەلدى: مەن جىسمىمنىڭ قۇلى، روھىمنىڭ خوجايىنىمۇ ياكى ئەكسىمۇ؟ نېمىشقا روھىمنى جىسمىم ئۈستىگە قويالمايمەن، نېمىشقا بەدەن تەلىپىمنى پەزىلەت كۈچى بىلەن چەكلىيەلمەن. كۆڭۈل ئايىنىش، باش قېيىش، ئۈچەي - باغىرلىك تارتىشىش ئوخشاشلار بەدەن ھادىسىسى. مەن كىتابلاردا ئۆلۈمگە كۈلۈپ بارغانلارنى، ئۆز بەدىنىدىكى قىممەتلىك ئەزالار بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلاشقانلارنى كۆرگەنمەن. باشقىلارغا: ئىنسان جىسمانىي تەلەپ بىلەن مەنىۋى تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە پىشىپ يېتىلىدۇ. بەدەن: يە، ئۇخلا، ئويىنا. كۆڭۈل ئاچ دەپ تۇرىدۇ. روھىلىك بولسا: ياق، ئىشلە، ياخشىلىق قىل، ئازابلان، نەپسىڭنى يىغ دەپ چەك قويۇپ تۇرىدۇ. جىسمانىي تەلەپ بىلەن ياشىغانلار ھايۋانلارغا يېقىنلىشىدۇ، مەنىۋى تەلەپ بىلەن ياشىغانلار ئىنسان بولۇپ يېتىلىدۇ دېگەن سۆزنى دائىم سۆزلەيتتىم. بۈگۈن نېمىشكە ئەمەل قىلالمايۋاتىمەن، نېمىشقا «مەن» مۇشۇ تاپتا بەدىنىمنىڭ قۇلى بولۇپ قالدىم...

قۇياش قىزىل شاردەك دېڭىز ئۇپۇقىدا پەيدا بولۇۋېدى چەكسىز دۇنيا كۈلۈمسىرىدى، ئىمىر - چىمىر دولقۇنلارنىڭ كۈمۈش رەڭ بۇژغۇنلىرى يالت - يۇلت نۇر چاچتى. قارامتۇل دېڭىز بېتىدە كۈمۈش قاتلام پەيدا بولۇپ قاندەك قىزارغان يىراق ئۇپۇق سىزىقى ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈپ، دېڭىز ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلدى: گويا بىر ئىلاھىي كۈچ دېڭىزغا مۇھەببەت نۇرى چاچقان، شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىز تاتلىق، جىلۋىلىك، گۈزەل!

قەلبىمدە ئەندى يازغۇچىغا خاس گۈزەللىك سېزىمى ئۇرغىدى: ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بايقىغۇچىسى، ھوزۇرلانغۇچىسى، مەدھىيىلىگۈچىسى ۋە شاھىدى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى. چۈنكى ئىنسان قەلبى سەزمىگەن بولسا، دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ

قىممىتى بولمىغان بولاتتى، قەدىر - قىممەت پەيدا قىلغۇچى، ياراتقۇچى بولماي نېمە؟

ئوكيان ساياھىتىمنىڭ بۇ يېڭى كۈنى كۆڭلۈمدىكى ئۆتتۈن ئىلاھىم!

لېكىن خۇشاللىقىمنىڭ كۈشەندىسى بولغان كۆڭۈلسىزلىك يەنە قاراقۇش بولۇپ ئۇچۇپ كەلدى. تۇيۇقسىزدىن جەنۇب شامىلى پەيدا بولدى - دە، پاراخوت قاتتىق سىلكىنىپ، دولقۇنلار ئۇرۇلۇپ پولات پالۋىنغا بۇلۇت پارچىلىرىدەك ئۇچۇپ چۈشۈپ پاراكەندىچىلىك، ۋەھىمە، داد - پەرياد پەيدا قىلدى. ياش ماتروسلار ئۈستىگە چۈشكەن سۇدىن راھەتلەنسە كېرەك، كۈلۈشۈپ - چاقچاق قىلىشماقتا. لېكىن بىز ۋەھىمە ئىچىدە داد - پەرياد قىلماقتىمىز.

بىز ياتاق قىلىۋالغان كىچىككىنە مەجلىسخانىنىڭ ئۈستىدە كۆزىتىش پونكىتى، كاپىتان بۆلۈمى ۋە تېخنىكا بۆلۈملىرى بار. مەن پولات شوتا بىلەن شۇ ياققا ياماشتىم. بۇ ئەلۋەتتە ۋەھىمە ئىچىدە قىلىنغان ئاڭسىز ھەرىكەت. ياش، قامەتلىك كاپىتان ئالدىمغا چىقتى، مۇرەمگە قولىنى قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

- قورقماڭلا، پاراخوت ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، مۇنۇ دورىنى پات - پات ئىچىپ تۇرسىلا، كۆڭۈل ئاينىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، - دېدى. بۇ ھۆرمەت، غەمخورلۇق بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرمۇ قۇلىقىمغا قوپال، سۈنئىي، سەت ئاڭلاندى.

- بۇ ئازابنىڭ چېكى بارمۇ - يوق! پاراخوتنى تىنچ ماڭىدىغان قىلالامامسىلەر؟ - مەن كاپىتانغا غەزەپ بىلەن ئالايدىم.

- ئامالسىز بار، بۇ ئامال - غەيرەت قىلىش. تېخنىكا جەھەتتە باشقا ئامالسىزىمىز يوق!

شۇ چاغدا بىر پارچە سۇ بىز تۇرغان شوتىغىمۇ قوغلاپ چىقىپ ئۈستىمىزگە چۈشتى. پاراخوت قاتتىق سىلكىندى، غاچىلدىدى، رادىئو كارنىيىدىن ئەنسىز ئاۋاز چىقىرىلىپ چىقتى.

دېڭىزغا قاراش مۇمكىن ئەمەس، چەكسىز، ساناقسىز دولقۇنلار دېڭىز بېتىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن يىرتقۇچتەك ھۆركىرەپ دېڭىز بېتىگە قايتىدۇ، ئاپئاق بۇژغۇنلار خۇددى ھەرىكەتچان ھەسەل ھەرىلىرىدەك يالتىراپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، گويا پاراخوت مېڭىلىغان توپ ئوقلىرىنىڭ نىشانى، دېڭىز ئۇنى توپقا تۇتماقتا، بۇ بەردە ھايات - مامات جېڭى بولماقتا. بۇ جەڭنىڭ قوماندانى بولغان مۇنۇ قامەتلىك كاپىتان گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ مېنى كەينىمدىن قولتۇقلاپ شوتا بىلەن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشتى. مەن دەلدۈگۈنۈپ، كۆڭلۈم ئاينىپ، بېشىم قېيىپ ئۇنىڭغا تايىنىپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. كاپىتان مېنى ئۆز ياتىقىغا ئەكىرىپ كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئابىغىمنى سالدۇرۇپ خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ئەدىيال بىلەن پۇتلىرىمنى ئوراپ قويۇپ:

- كارىۋاتتىن چۈشمەڭ، خاتىرجەم يېتىڭ، كارىۋاتنىڭ ئىككى چېتىنى چىڭ تۇتۇۋېلىڭ، سىلكىنسىمۇ ھېچنەرسە بولمايسىز. مانا مۇنۇ چىلەككە . . . ھە، خوش ئەمدى، مەن كەتتىم ... - دېدى.

ئۇنىڭ كەپلىرى قۇلىقىمغا كىرسۇندۇ، مەن جان قايغۇسىدا، ئازاب، چەكسىز قىيىنىلىش، ياندۇرۇش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش ...

ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن «ئىرادە - كۈچ نەزەرىيىسى» نەگە كەتتى؟ مەن بۇ نەزەرىيە بىلەن تالاي ئادەملەرگە تەسەللىي، مەدەت بەرگەن ئەمەسمىدىم. جىسمانىي ئازابنى روھىي ئۈمىدۋارلىق بىلەن يەڭگىلى بولاتتىمۇ؟ ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق چاغدا، ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىشقا مەجبۇر بولغان چېغىدا راسا توغرا باھالىسا

كېرەك. لېكىن بۇ باھانىڭ نەتىجىسىنى خەلققە مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ - دە. ئاجىزلىق، زەئىپلىكنى ئېتىراپ قىلىش يۈرەكنىڭ ئىشى، ئېغىز بولسا، ئۇنى رەت قىلغۇچى. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەيىب ۋە گۇناھلىرىنى ئېغىزى بىلەن رەت قىلىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدۇ. مەن ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئۈچۈن بۇ ئۆلۈشنىڭ ئاسان يولى يوق. دېڭىزغا سەكرەش، زەھەر ئىچىش، تىغ ئۇرۇش ياكى سىرتماققا ئېسىلىش . . . لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىمكان يوق. بەدىنىم ئاخىرقى ھالاكەتنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن روھىمدا يەنە ھايات رىشتىسى بار. زىلۋا ئايالىم كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، قىزىمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە ياش، بەگباش ئوغلۇم زاڭلىق قىلغاندەك كۈلمەكتە، ئۇلار ئۈچۈن ئازابنىڭ ئەۋجى - ئاخىرقى چېكى چۈشىنىكسىز - دە. ئۆپكە بىلەن يۈرەكنىڭ بوغۇزۇڭغا كېلىپ تىقىلىشى نېمىنى چۈشەندۈردۇ. قۇرۇق ھۆ بولغاندا ئۇچەي - ئاشقازاننىڭ خۇددى ھازىرلا ئۈزۈلۈپ پارە - پارە بولۇشىدىن دېرەك بېرىشى ھەر قانداق قىيىن ئوپېراتسىيىدىنمۇ ئازابلىق. بۇنى مېنىڭ گۆزەللىرىم نەدىن بىلسۇن؟ . . . ئاھ، مانا ئاخىرقى ئىنجىق، بەلكى جاننىڭ چىقىشى بولسا كېرەك . . . مەن جەبرائىلدىن جان قاچۇرۇپ كارىۋاتتىن ئۆزۈمنى تاشلىدىم، سىرتقا - پالۋىنغا قاراپ ئۆمىلىدىم. .

. . . يەنە شۇ كارىۋاتتا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئوپېراتورنىڭ سەت چىرايى غۇۋا كۆرۈندى. ئۇ ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق سۇ، چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلاشقان ھالدا يوغان ئېغىزىنى ئېچىپ، ھېلىقى يىرگىنىشلىك كۈلكىسى بىلەن ئالدىمدا تۇراتتى:

- كالامپاي، مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە سۆرەپ ئەكىردىڭ؟

- دېڭىزغا چۈشۈپ كېتەيلا دېمىسىزكەن ئۇستاز.

- نېمىشقا چۈشكىلى قويمىدىڭ؟

- چاقچاق قىلىمىسىلا.

- چاقچاق قىلمىدىغانىغا سەن مېنىڭ ئاغىنەممۇ؟

- دۈشمىنىڭىز ئەمەسمەن ئۇستاز.

- مېنى ئۆمىلەپ يۈرگەن يەردە يەنە سۆرەتكە ئالغانسەن ھەقىچان؟

- شۇنداق، ئۇستاز. ئۇستىڭىزگە دولقۇن چۈشمەكتە، سىز پالۋىنغا باغرىڭىزنى بېسىپ چىڭ چاپلاشقان. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك!

- خەپ، توختاسېنى، سەن كالامپاينى جۇمۇ!

خۇددى ئۇستۈمگە چېقىلغان چۈشكەندەك قاتتىق سىلكىندىم. ئەندى قولىقىم ھېچ نېمىنى: ئوكياننىڭ نېمىدەپ ھۆركىرىگىنىنى، دولقۇنلارنىڭ غەزەپلىك شاۋقۇنلىرىنى، ئادەملەرنىڭ پىچىرلىغاندەك سۆزلەشلىرىنى، ھەممىسىنى ئاڭلىيالىمىدىم. ئەڭ بۇرۇن ئاڭلاش سېزىمىم ئۆلگەن ئوخشايدۇ. مەن نەدە، نېمە قىلىۋاتىمەن، ھەممىسى قاراڭغۇ، بىرلا نەرسە ئېنىق - مەن تېخى ھايات!

... پاراخوت چەكسىز دولقۇنلار ئارىسىدا تولىمۇ ئاستا، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۆكۈپ، بىر سىڭايان بولۇپ، بىر تۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. چەكسىز دېڭىز، سانسىز دولقۇنلار ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلماقتا. ئۇ ھەممىنى يىمىرىشكە، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھەم بالىسى، ھەم رەقىبى بولغان ئىنسانلارنى يۇتمۇېتىشكە قادىر.

پالۋىنغا دولقۇنلار كەينى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلماقتا. ماتروسلار ياتىقىنىڭ پالۋىنا ئۈستىدىكى تۆڭلۈكلىرىنىڭ پولات قاپقاقلىرى ھەم يېپىلغان. ئۇ بىچارىلەر تىنجىق ياتىقىدا قانداقمۇ چىداپ ياتقاندۇ . . . ھەي ئوپېراتور، دولقۇنلارنى سۆرەتكە ئېلىپ نېمە قىلارسەن. ئۇ، ئاپپاراتنى بىردە دېڭىزغا، بىردە ئۆز ئۈستىگە كېلىۋاتقان دولقۇنلارغا توغرىلىماقتا. مانا بىر پارچە سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلدى. ئەنە ئۇ يەنە ئاپپاراتى بىلەن پەيدا بولدى: زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ

زەبىرەكلەر يېنىدا تۇم ئارقانلارنى تارتىشىپ يۈرگەن يالىڭاچ ماتروسلارنى سۈرەتكە ئالماقتا. ئۇ كېيىنكە داجىدى، پولات شالاسۇنلار ئۇنى قوغدىيالامدىكەن.

ئەنە دېڭىزدىن تولىمۇ چوڭ، ئۈچ قەۋەتلىك بىنادەك بىر سۇ تۆۋرۈكى كۆتۈرۈلدى، پاراخوت چۆككەندەك بولدى، پۈتۈن پالوبا سۇ بىلەن تولدى، ئوپېراتور كۆرۈنمىدى. ئېسىت، ئۇ ئاپپاراتى بىلەنلا ئۇچار بېلىقلارغا قېتىلىپ كەتكەن بولمىغىدى. ئىسىت-ئىسىت، مەن كەتسەم بولاتتى، چۈنكى مەن جاندىن تويغان، ئۇ ھايات قالسا بولاتتى، ئۇ ھاياتنى تولىمۇ سۆيەتتى ... لېكىن قانۇنىيەت رەھىمسىزكەن، كىشىگە تىلىگىنىنى بەرمەيدىكەن، تەتۈرسىچە ئىش قىلىدىكەن.

يۇقىرىقىلار چۈشۈمۇ، كۆرگەنلىرىمۇ، خىيالىمۇ ياكى مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ كۆزلىگەن ئارالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىمۇ، بۇلارنى ئاڭقىرالمىدىم. بىرلا نەرسە ئېنىق: بىز ھاكىتەك ئاق تۇپراقلىق ئارالغا كەلدۇق. بۇ گۈزەل ئارالدىكى مۆجىزىلەرنى سۈرەتكە ئالمىدىغان ھېلىقى ئوپېراتور ئارىمىزدا يوق.

قەلبىم ئۇنى سېغىنماقتا، كۆز يېشىم ئۇنى ئىزلىمەكتە. بەلكى ئۇ ئۆلمىگەن بولسا، قەلبىمدە ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئويغانمىغان بولاتتى. ئۇ راستلا ئۆلگەن ئوخشايدۇ.

مەن كۈن نۇرىدا يالتىراپ، ئويناۋاتقان دولقۇنلارغا قارىدىم، دولقۇنلاردىن سادا كەلدى:

— ھەي ئىنسانلار، سىلەر تازا ئەخمەق، سىلەر تىرىكلەرگە دۈشمەن، ئۆلگەنلەرگە ئاشىق. سىلەر ھالاكەتنىڭ دوستى. تېزراق ئوكيان قوينىغا كېلىشكە تەييارلىنىۋاتىسىلەر. يەر شارى 8 مىليارد ئادەمنى باقالايدۇ. سىلەر ئاز يىلدىن كېيىن بۇ ساننى تولدۇرسىلەر، سىلەر بېلىقلار بىلەن بەسلىشىپ كۆپەيگەن بىلەن، ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ ياشىيالمايسىلەر!

بۇ گەپلەر ئوپېراتورنىڭ گەپلىرىمۇ؟ ئۇ ھايات بولسا كېرەك. دولقۇنلار ئۇنىڭ جىسمىنى ئېلىپ كەتكىنى بىلەن، ئۇنىڭ روھى دولقۇنلار ساداسىغا سىڭگەن. مەڭگۈ ھايات تۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

1991 - يىل 9 - سېنتەبر، غۇلجا

---

(بېشى 60 - بەتتە)

ئاتىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈنلا قۇرۇلغان خاسيەتلىك ئىدارىدىكەن جۇما، خوتۇن. بولدى، ئۇكام ئەنۋەرجان، دەپتىرىڭىزنى بىر ئېلىڭا. قېنى يېزىڭ: مېنى، ئايشەمگۈلنى، ئىككى بالىمىزنى ئىستراخۋانىيىگە قاتناشتى دەپ دەپتىرىڭىزگە پۈتۈپ قويۇڭ. (تاماشىبىنلارغا قاراپ) ئويۇنىمۇ كۆردۈڭلار، گېپىمىزنىمۇ ئاڭلىدىڭلار. ئۆزلىرىڭچە ئەر-خوتۇن ئىككىمىزگە باھامۇ بېرىپ بولدۇڭلار. كۆپچىلىكىڭلار بىزنىڭ ئايشەمگۈلنى ئۆزى ساددا بولسىمۇ كاللىسى ئىشلەيدىغان، دىتى بار، ئۆيىنى گۈلدەك تۇتىدىغان، ئەرگە بېغىر باسىدىغان ئەقىللىق خوتۇن ئىكەن دېگەنسىلەر. مەنمۇ خوتۇنۇمغا بۈگۈنكىدەك قايىل بولمىغان. تۈگمىدەك بويۇم، ئاغزىمدا گېپىم بولغان بىلەن تۈگمىدەك ئەقلىم يوق ئىكەن ئەمەسمۇ مېنىڭ. ئەر - خوتۇن بامەسلىھەت ئىش قىلغانىنىڭ، بولۇپمۇ خوتۇن كىشىنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالغانىنىڭ پايدىسى كۆپكەن. مانا، خوتۇنۇمنىڭ گېپىگە كىرىۋېدىم، يوقالغان بايلىق قولۇمغا كەلگەنىنىڭ ئۈستىگە ئوغرى - يالغانىنىڭ خەۋپىدىن قۇتۇلدۇم، تېخى ئائىلە بويىچە خاتىرجەملىكىمۇ ئېرىشتىم. ئەتە باشقا ئوقەتچى ئاغىنىلەرگىمۇ ئىستراخۋانىيىگە قاتنىشىڭلار دەيمەن. ھە، ئويۇن كۆرگۈچىلەر، ئىستراخۋانىيىنىڭ خاسىيىتىنىمۇ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار، سىلەرمۇ چوقۇم ئىستراخۋانىيىگە قاتنىشىسىلەرغۇ دەيمەن؟

1989 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى



ئەنۋەر داۋۇت

## بۈركۈت ۋە ئىنسان

پەرۋازىنى كۆرگەنمىدىڭ بۈركۈتنىڭ،
كۆك قەرىدە مەغرۇر قانات قاقىدۇ.
پەرۋازىدا يۈكسەلسىمۇ زېمىندىن،
يەنە دائىم ئانا يەرگە باقىدۇ.
ئۇنىڭ چاقماق چاقنايدىغان كۆزىدىن
ۋەتەن ئىشقى تاڭ نۇرىدەك ئاقىدۇ.

ئۇنىڭ غالىب تىرناقلىرى، تۇمشۇقى،
قانغان قانلىق جەڭلەر ئارا پولاتتەك.
يىرتقۇچلارنىڭ خىرىسىدىن قورقمايدۇ،
قاچمايدۇ ئۇ كىيىكنىڭ ياكى ئوغلاقتەك.
بورانلاردا، تومانلاردا، زۇلمەتتە،
روھى ھامان ئۇرغۇپ تۇرار بۇلاقتەك.

بۈركۈت روھى — ئۇلۇغ، يۈكسەك، باتۇر روھ،
شۇڭا ھەممە ئۇلۇغلايدۇ بۈركۈتنى.
جانلىنىدۇ ھالسىرىغان تەبىئەت،
كۆرۈپ ئۇنىڭدىن پارلاپ تۇرغان ئۈمىدنى.
ئۇنىڭ روھى قۇدرىتىنىڭ بورانىدەك
ئويغىتىدۇ مۇڭغا چۆككەن سۈكۈتنى.

ئۇنىڭ ياشاش ۋە چېلىشىش مىزانى
بولار بەزەن بىر ئىنساندەك نامايان.
چۈنكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا بار ئىدى،
بۈركۈت كەبى ياشايدىغان بىر ئىنسان.
روھى يۈكسەك ۋە پاك ئىدى بۈركۈتتەك،
مۇشكۇللەردە پۈكۈلمىگەن ھېچقاچان.

ھەقىقەتنى چاكارلايتتى ئاۋازى،
چوقاندىن قوزغىلاتتى دولقۇنلار.
رەزىللىككە ئوت چاچاتتى كۆزىدىن،
يېنىپ تۇرغان، پارلاپ تۇرغان ئوچقۇنلار.
ئىلگىرىلەيتتى ھايات-مامات ئىچىدە،
ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى ئۇپقۇنلار.

ئارىستوتېل سۈپەت ئالىم ئىدى ئۇ،
بولۇۋالماس ئىدى لېكىن بىلىمدان.
يۈكسەك ئىدى ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى،
ئەمما غادىيىپ باقمىغان ئۇ ھېچقاچان.
خۇددى دېھقان ئاسرىغاندەك مايسىنى،
ئۆزگىنى ئۇ ئۆزىدىن بەك ئاسرىغان.

ئويلار ئىدى خەلقىنى ۋە يۇرتىنى،
ئۆز ئەجرىنى بېغىشلاپ ئۇ ئەبەدكە.
ئەمما ئۇنىڭ داڭقى ئاخىر دۇچ كەلدى،
بىر تارىخىي ۋە قارىغۇ قىسمەتكە.
تۇشمۇ-تۇشتىن چىقتى رەقىب قىزغانچۇق،
ئىتتىرەكچى بولۇپ ئۇنى لەھەتكە.

ئۈزۈم پىشسا ئولاشقاندەك ھەرىلەر،
يەپ تۈگەتمەك بولۇپ ئۇنى ئولاشتى.
يوللىرىغا تۇساق سالدى قاتمۇ-قات،
ھەر قەدەمدە قىلتاق قويۇپ پۇتلاشتى.
پىتنە-پاسات، تۆھمەتلەردىن ئوق ياساپ،
يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئاڭا ئوت ئاچتى.

ئەي، بۇ ھەسەت! گويا قۇرت يوشۇرۇن —
كىرىپ ئالغان مېۋىلەرنىڭ باغرىغا.
ئىچ-ئىچىدىن يەيدۇ ئۇنى چىرىتىپ،
شۇڭا مېۋە يېتەلمەيدۇ ۋايىغا.
مىللەتكىمۇ كىرىۋالسا بۇ قۇرت،
ئاجىزلايدۇ، باسالمايدۇ ئالدىغا.

كەچمىشلەردە ئاز بولدىمۇ خەلققە،
بۇ قۇرتتىن كەلگەن ئاپەت-ئىزتىراپ؟
تارىخلاردا سانسىز ئۇلۇغ ئوغلانلار،
چوڭ دەرەختەك كەتكەن قۇرۇپ ۋە غۇلاپ.
ئىچ-ئىچىدىن غاجاپ كەلدى مىللەتنى،
بۇ قۇرتلار قوزغىۋەتكەن ئىختىلاپ...

ھەسەت ئوقى يارىدار قىلدى ئالىمنى،
ئەجەل ئۇنىڭ پاك جىسمىغا قول سالدى.
ئۇنىڭ بۈركۈت كەبى ياشاش مىزانى،
يوللىرىمىزنى يورۇتقۇچى بوپ قالدى.
ئارىمىزدىن كەتتى ئۆزى، ئۆلگىسى —
سانسىز دىلدىن بۈركۈت بولۇپ جاي ئالدى.

* * *

پەرۋازىنى كۆرگەنىمدەك بۈركۈتنىڭ،
ئۇ ئاسماندا مەغرۇر قانات قاقىدۇ.
پەرۋازىدا يۈكسەلسىمۇ زېمىندىن،
يەنە دائىم ئانا يەرگە باقىدۇ.
ئۇنىڭ چاقماق چاقنايدىغان كۆزىدىن،
ئۆلمەيدىغان بىر روھ ئۇردەك ئاقىدۇ...

## تارىخ

بەخت ئىزدەپ ياشىدۇق، ياشاپ كەلدۇق؛
ياساپ بۇزدۇق، بۇزدۇقۇ ياساپ كەلدۇق.

## ۋەتەن

مەيلى سەن رەسىم بول بىر پارچە سىيدام،
ساڭا رەڭ بەرگۈسى ئاداققى يىغام.

## غاپىل

ئەقلىڭنى ياسىۋالغىن توك بىلەن،
يۈرۈكىڭنى يۇيۇپ ياشا نۇر بىلەن.

## توي

قىز «بەرگەن»لەر ئارقىلىمىغاچ مال «ئېلىپ»،
قىز «ئالغان»لار مادارسىزدۇر سالپىيىپ.

## ئەقىل

بولمىغاچقا خۇدادەك ئادەم،
«خۇدا» سۆزىن تېپىپتەك ئادەم.

## مېۋە

بولغاچقىلا سەندەلۇ نازىنان،
ئارىسىدىن قىلىچ يارالغان.

## ھەسەت

تاتلىق نان تونۇردا پىشقاچقا ئىسسىق،
قىسىشقا لاخشىگىر بولۇپتۇ لايىق.

## تەقدىر

خىيالىڭدا يەتمەك بولساڭ مەنزىلگە،
مەنزىل شۇتاپ كۈتەر سېنى زېمىندە.

## دىئالوگ

ۋولقان:
— تاغلارنىڭ قەھرىمەن، كۆل قىلىمەن باغرىڭنى،
زېمىن:
— تاغ بىلەن تەڭ يۇتىمەن، تۇۋاقلايمەن ئاغزىڭنى.

## رۇبائىيلار

سايەڭنى چۈشكەن دەرەخنىڭ ئاستى بىر ئايۋان ئىكەن،
ۋاقتىدا بەھرى ئېلىپ كەسكەن كىشى ھايۋان ئىكەن.
تائەزەلدىن ھەر كىشىگە ئۆز ئىشى دەۋران ئىكەن،
ئاقىۋەتتە ياخشىلىققا شۇم نىيەت ئالۋان ئىكەن.

* * *

بىر ياخشى يېنىڭدا بولسا قەدرىن قىل،
بىر «سېسىق» دېيىشنىڭ ئالسا ئەتىر بىل.
دۇنيادا ھەرنە ئىش ھېسابلىق بىلمەك،
ياخشىلىق كۈتكىنىڭ ئۆزۈڭمۇ بىر قىل.

* * *

بىراۋ كۆكتە ئۇچسا، ئىزدەڭنى ئىزدەپ —
سەن دېدىڭ: «ياپىردىم!» ئاغزىڭنى ئېچىپ.
ئويلا، ئۇ تۇنۇلماقتا سەن تاپقان بالا؛
بىلمەك، سەن ئادەمدەك ياشاشتا چالا.

1990 - يىل 11 - نويابىر، ئۈرۈمچى




ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن ئاپتورلىرىدىن بىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئەنۋەر داۋۇت 1991 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (جۈمە) بەختكە قارشى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۈرۈمچىدە 29 يېشىدا قازا قىلدى.

ئەنۋەر داۋۇت تەھرىرلىك سەنئىتىدە كۆپ قىرلىق ئىقتىدار يېتىلدۈرۈۋاتقان ئۈمىدلىك ياش ژۇرنالىست ئىدى... ئۇ قىسقىغىنە يەتتە يىللىق تەھرىرلىك ھاياتىدا 10 مىليون خەتتىن ئاشىدىغان 70 كە يېقىن كىتابنى تەھرىرلىگەن ئىدى... ئۇ خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس، ئۆزبېك تىللىرىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىگىلىگەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى... ئۇ شېئىرىيەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ، ئىجاد قىلىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئىدى... گەرچە ئۇ سانى ئاز بولسىمۇ، روشەنخاسلىققا، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە باي شېئىرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا تەھرىراتىمىزغا ئەۋەتكەن شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن





(ھېكايە)

قاھار جېلىل

مەنسۇرنىڭ دۇكىنى سودا بازىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا جايلاشقان، شۇڭا خېرىدارلار ئاۋۋال ئۇ يەردە توختاپ ئۆتمەي قالمايدۇ. مەنسۇر بوي ـ بەستى كېلىشكەن، ئېسىل كىيىنگەن، چىرايىدىن ئىللىق تەبەسسۇم كەتمەيدىغان خۇشخۇي يىگىت، سۆزگە چېۋەر، مۇئامىلىدە چاققان. ئۇ خەنزۇچىنى سەل ـ پەل بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلسىمۇ مەقسىتىنى تولۇق ئۇقتۇرالايدۇ، ئىنگلىزچە ۋە ئوردۇچىدىن ئېلىم ـ سېتىمغا ئائىت زۆرۈر سۆز، جۈملىلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالغان، شۇڭا چەت ئەللىك خېرىدارلار ئالدىدىمۇ ئانچە قىينىلىپ كەتمەيدۇ.

ئۇ خوجايىن ھەم مال يەتكۈزگۈچى. ئەمما ئۇ كۆپ ۋاقتىنى دۇكىنىدا ئۆتكۈزىدۇ، بەزىدە دۇكاننىڭ ئىچكىرىكى خانىسىدا ھېسابات قىلىدۇ، ئايرىم خېرىدار، چوقەت ۋە ئالاھىدە يېقىن كىشىلىرى بىلەن سۆھبەت ـ لىشىدۇ؛ بەزىدە بولسا، دۇكانىغا چىقىپ، ياللىۋالغان ئىككى يىگىتىنىڭ سودا قىلىشىنى كۆزىتىدۇ، خېرىدارلار كۆپرەك كەلگەن چاغلاردا ئۆزىمۇ مال ساتىدۇ.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئىچكىرىكى خانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بۇ شەھەرگە تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن بىر كىشى بىلەن يېرىم سائەتتەك

سۆھبەتلىشىپ مۇھىم بىر سودا ئىشىنى پۈتتۈردى، ئاندىن دۇكانغا چىقىپ مال سېتىشقا ياردەملەشتى. ئېھتىمال ئۇ يەنە ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويغان بىرەر ئادەمنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك، خېرىدار بىلەن سۆزلەشكەندە بولسۇن، ياكى گەزمال مېترلاۋاتقاندا بولسۇن، بازارغا كىرىدىغان يولغا پات - پات قاراپ قويىدۇ. دېگەندەك، بىر چاغدا يولدا تازىمۇ پۇزۇر كىيىنگەن بىر ئايال پەيدا بولۇۋىدى، مەنسۇرنىڭ چىرايىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى - دە، خېرىدارلار بىلەن سودا قىلىشنى پىركازچىكقا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ئۆزى دۇكاندىن سىرتقا چىقتى.

ئايال يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن دۇكان ئالدىدىكى قاڭسىق تەر پۇراقلىرىنى تولىمۇ خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر ھىدى بېسىپ كەتتى. ئايالنىڭ كىيىنىشىمۇ، ياسىنىشىمۇ پۈتۈنلەي چەت ئەلچە ئىدى، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىكى سىزىقچىلارنى دېمىگەندە، تېرىسى سىلىق ۋە پارقىراق ئىدى، لەۋلىرى جىنەستە رەڭگىدە يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى - دە، مەنسۇر بىلەن ئىنگلىزچە سالاملاشتى. مەنسۇرمۇ يەرلىك تەلەپپۇزدا ئىنگلىزچە جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، مېھماننى دۇكاننىڭ ئىچكىركى خانىسىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

* * *

مەنسۇرنىڭ دۇكىنىدىكى ماللارنىڭ مىقدارى، تۈرى، سۈپىتى تۇنجى كۆرگەن كىشىدە، ئۇ مۇشۇ بازار بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن سەل تۆۋەن، ئوتتۇرا ھالدىن سەل يۇقىرى تۇرىدىغان تىجارەتچىكەن، دېگەن تەسىراتنى تۇغدۇرىدۇ.

دېمىسىمۇ، مۇشۇ يەتتە - سەككىز يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا سودىدا ئوبدانلا ئامەت كەلدى. بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقاندا ئۇلارنىڭ مەخسۇس تىجارەت دۇكىنىمۇ يوق ئىدى. ئانىسى ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ياكى خېرىدارلىرىنىڭ ئۆيىدە بېجىرەتتى، بىر ئايلىق كىرىمىمۇ ئىككى - ئۈچيۈز كويدىن ئاشمايتتى. ئەمما ھازىر ئۇ كۈنىگە نەچچە يۈز كويلۇق، ھەتتا نەچچە مىڭ كويلۇق سودا قىلىدۇ. بۇرۇن توپ مال ئىزدەپ نە - نەلەرگە چېپىپ يۈرەتتى، ھازىر كىشىلەر مالنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ياكى دۇكىنىغىلا ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئۈرۈمچى ھەتتا شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئادەملىرى بار، قانداق مال لازىم بولسا تېلېفون بېرىدۇ - دە، نەچچە كۈن ئۆتمەي شۇ مال ئالدىدا ھازىر بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇكىنىدىن دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن ۋە چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن، ئەمما بازاردا ئوڭاي تېپىلمايدىغان ئېسىل رەختلەر، مودا كىيىملەر زادى ئۆكسۈپ قالمايدۇ. شۇڭا بويىغا يەتكەن قىزلار ۋە ياش چوكانلار ئۇنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشقان. مۇنداق ماللارنىڭ باھاسى ئەلۋەتتە قىممەت، بىراق سېتىۋالغۇچىلار نەچچە ئون كوي پۇلنى ئارتۇق تۆلىگەنلىكىگە ئىچى سەل ئېچىشسىمۇ، لېكىن شەھەردىكى مودىنىڭ ئالدىنقى قاتارىنى ئىگىلەپ، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن «ئوت چىقىرىۋېتەلىگىنى» ئۈچۈن پەخىرلىنىپ، كېرىلىشىدۇ.

ئومۇمەن مودىۋازلىق ۋە ئاياللارنىڭ مەنمەنچىلىكى بىلەن تازا جانلىنىپ كەتكەن كىيىم - كېچەك سودىسى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا مەنسۇرنى شەھەر بويىچە پۇلدارلار قاتارىغا قېشۇۋەتتى.

ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتىمۇ مەنسۇرنىڭ ئامىتى كەلدى. ئۇ ئانىسى ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بىر سىستېرا قىزبىلەن

توي قىلدى. بۇ قىزمۇ شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى گۈزەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، تەلەپ قويغۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. بىراق ئۇنىڭمۇ خېلى دىتى بار ئىكەن، شۇ كۈنلەردە ھەممىگە ھۆكۈمران بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىمۇ قانداق، مۇھەببەت، سەۋىيە، ئىجتىمائىي ئورۇن دېگەنلەر ئۈستىدە تولا كاللا قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، جۆرىلىككە مەنسۇرنى تاللىدى.

ئادەم ئەڭ قانائەتسىز مەخلۇق دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئۇ سودىغا دەسلەپ كىرىشكەندە، پۇل تېپىشنىلا، ھال-كۈننى ياخشىلاشنىلا ئويلىغان، ئاخىر ئۇ مەقسىتىگە يەتتى، پۇلمۇ-يۈزمۇ تاپتى. بولغانچە بولغۇم كېلىدۇ، دېگەندەك، ئۇ ئۆزىنىڭ بايۋەچچىلەر قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «ئەمدى شەھەر بويىچە ھەممە تىجارەتچىنى بېسىپ چۈشمىسەم ھېساب ئەمەس» دېگەن يېڭى ۋەسۋەسە-ئىستەك پەيدا بولدى. بىراق ئارزۇ-ئارمان بىلەنلا كۈتكەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ؟ باشقا سودىگەرلەر تېخىمۇ بېيىشنىڭ-بىرنى ئون قىلىشنىڭ كويىدا بىر-بىرىگە يول بەرمەي غالجىرلارچە تىركىشىۋاتسا، تېخى بەزىلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپلا يېپىنى تۇم، سودىغا پىشقان، يولى بار، تىجارەت دائىرىسى كەڭرى قاقباشلار تۇرسا ... شۇڭا سودا-تىجارەتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تۈزۈكرەك تېتىمىغان بۇ ياش سودىگەر ھەر قانچە ئويلاپمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئۇنداق ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ئاچچىق خۇرسىنىش بىلەن ھېس قىلدى. بىراق نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئامەتلەر ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئالدى يوللۇق، تەلەي-پېشانىسى يورۇق دەپ قارايدىغان، كۈتۈلمىگەندە خاسىيەتلىك شەۋقەدىرگە يولۇقۇپ قالسام، بىركېچىدىلا مۆجىزە يۈز بېرىپ ئارزۇ-مۇرادىم ھەل بولسا ئەجەب ئەمەس دەپ بىر ئىلاھىي شېرىن خىيال بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئېتىقادنى، خىيالپەرەسلىكنى يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. ئاخىر، تۇرمۇش، تەقدىر دېگەندە نېمە كارامەتلەر يۈز بەرمەيدۇ؟ بىر ھېسابتا سودا ئىشى دېگەنمۇ قىمارغا ئوخشايدۇ. كىم بىلىدۇ، بايلىقتا ئۆزىنى بىر سانايدىغان مەنمەنچى پۇلدارلارنى نەس بېسىپ، سودىسى ئېقىش تاپالماي، دەسمىسى غالتەككە چىقىشى ھەتتا خانىۋەيران بولۇشىمۇ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىشقۇ. تىلىسەڭ تاپارسەن، دېگەندەك، تەلەي قۇشى مەنسۇرنىڭ بېشىغا قونۇپ، ئامەت دېگەن ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرسە ئەجەب ئەمەس.

بىر كۈنى ئۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى خىيال سۈرۈۋاتاتتى، بىردىنلا ئىنتايىن خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى. پوكەي ئالدىدا ئۇ ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئېسىلزادە ئايال ماللارغا قاراپ تۇراتتى. مەنسۇر لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— خوش كەپلا، خانىم، — دېدى.

ئايال يېقىملىققىنا تەبەسسۇم بىلەن:

— ياخشىمۇ سىز؟ — دەپ ئۇيغۇر تىلىدا سالاملاشتى.

ئايال قارىماققا چەتئەللىككىلا ئوخشايتتى، چىرايلىق بۇدرە قىلىنغان چاچلىرىمۇ قوڭۇر ئىدى.

مەنسۇر ئۇنىڭ باشقا شەھەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ياكى چەتئەللىك ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالماي تۇرغاندا، خانىم:

— سىزدە ساپ يىپەكتىن توقۇلغان ئەتلەس بارمۇ؟ — دېدى.

— بار، — مەنسۇر خانىم تەلەپ قىلغان

ئەتلەستىن بىر نەچچە كىيىملىكنى پوكەيگە قويدى.

خانىم ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئىنچىكە كۆرۈپ چىقتى- دە، رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ:

-راست، ساپ يىپەكتىن توقۇلۇپتۇ، - دېدى. قارىغاندا ئۇ خېلى مال تونۇيدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ قىزىل، سېرىق، كۆك ۋە قارا رەڭلىكتىن تۆت كىيىملىك ئەتلەس تاللىدى. باشتا مەنسۇر ئۇنى ياقا يۇرتلۇق چاغلاپ يۇقىرى باھادا سېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى، بىراق ئۇنىڭ مال تونۇشقا پىششىقلىقىدىن ئەيمەندىمۇ ياكى بىر دۆرەمدە بىراقلا تۆت كىيىملىك ئالماقچى بولغانلىقىدىن تەسىرلەندىمۇ، ئىشقىلىپ ئادەتتە ئېيتىۋاتقان باھانى ئېيتتى. خانىم ئۆزىچە كۈلۈپ قويدىيۇ، گەپ قىلماستىن سومكىسىدىن پۇل چىقىرىپ پوكەيگە قويدى. مەنسۇر ئەتلەسلەرنى ئاپئاق قەغەزگە ئوراپ ئۈستىدىن چىگىپ بولغاندىن كېيىن خانىم يەنە:

-مەرۋايىتلىرىڭىز بولسا، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟- دەپ سورىدى.

مەرۋايىتمۇ بار ئىدى، ئەمما تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەنسۇر بىر باغلام مەرۋايىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. خانىم ئۇلارنى شۇنداقلا بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

-ئەپسۇسكى، دانىلىرى كىچىكرەك ئىكەن، ھەم تازا جۇلالىق ئەمەسكەن، - دېدى.

-راست، - دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، - بۇ مال خېلىدىنبېرى قالغان، سىلىنىڭ لايىقلىرىدا ئەمەس.

ئادەتتە مۇنداق راستچىللىق ئۇنىڭدا كەمدىن - كەم كۆرۈلەتتى، شۇڭا پرىكازچىك ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

- پاخشىراقىنى تاپقىلى بولارمۇ؟

-بولىدۇ، باشقىلارنىڭ دۇكانلىرىدا ...

-باشقا دۇكانلارنى ئىزدىمەي، - ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى خانىم، - سىز تېپىپ بېرەلمەمسىز؟

ياھ، مۇنداق خېرىدار كىيىندە ئۇچراۋېرەمدۇ؟

-ئەلۋەتتە تېپىپ بېرەلەيمەن، - دېدى مەنسۇر خۇشال بولۇپ ۋە بۇ خۇشاللىقى ئەمەلىيەتتە سەل خوشامەتكە ئوخشاپ قالدى. - بىراق سىلىنى ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ساقلىتىپ قويارمەنمىكىن؟

-كۈتەلەيمەن، قاچانراق كەلسەم بولار؟

-ئۆگۈنلۈككە بىر يولۇقاملا.

-بولىدۇ، ئەمىسە كېلىشتۇق- ھە.

خانىم ئەتلەسلەرنى سومكىسىغا قاچىلاپ قايتىشقا تەمشەلگەندە مەنسۇر باياتىن بېرى تىلىنى قىچىشتۇرۇپ ئارام بەرمىگەن سوئالنى ئاغزىدىن چىقاردى:

-خانىم، شەھىرىمىزگە نەدىن كېلىشلىرى؟

-نېمە، بۇ شەھەرلىككە ئوخشىمايدىكەنمەن؟- سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى خانىم.

مەنسۇر ھىجايدى:

- ھى ... ھى ... ئوخشىمايدىكەنلا.

-كۆزىڭىزمۇ خېلى ئۆتكۈركەن، مەن گېرمانىيىلىك ئۇيغۇر.

- ھە، مۇنداق، دېسىلە، بۇ يەرگە تۇغقان يوقلاپ كەپلىمدە.

-شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ.

-ئۇنداقتا ... - مەنسۇر نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

-نېمە دېمەكچىدىڭىز؟

-بىللە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ...

-چۈشەندىم، - كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى خانىم، - بىراق مەن بۇ يەرگە تىجارەت قىلىشقا كەلمىگەن.

مەنسۇر خىجىل بولۇپ ناقولاي ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

خانىم ئاۋۋال:

— خوش ئەمىسە، — دەپ ئۇيغۇرچە خوشلاشتى.

كېيىن بىردىنلا بىر قولىنى كۆتۈرۈپ پەس ئاۋازدا ئىنگلىزچە: «گودباي» دېدى.

مەنسۇرمۇ باشقا چەت ئەللىكلەر بىلەن خوشلاشقان چاغدىكىدەك ئىختىيارسىز ھالدا:

— گودباي، — دەپ تەكرارلىدى.

خانىم ئۆگۈنىسى يېتىپ كەلگەندە ئۇلار گويا كونا تونۇشلاردەك كۆرۈشتى. مەنسۇر بۇ قېتىم ئۇنى پوكەي سىرتىدا تۇرغۇزماي، دۇكانغا باشلاپ كىردى، ھەتتا بىردىكازچىمكىنى بۇيرۇپ، بازاردىن مېۋە - چېۋە، سامسا، كاۋاپ ئەكەلدۈردى، مەرۋايىت بولسا، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلغان ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار ئۇزاقراق پاراڭلىشىپ بىر - بىرىنى بىر قەدەر چۈشىنىشتى. خانىمنىڭ ئىسمى مارجان ئىكەن، ئائىلىسى گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ئېرى شىركەت مۇدىرى ئىكەن. مەرۋايىت ئىسىملىك بىرلا قىزى بولۇپ، كېلەر يىلى بونن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرىدىكەن. ئائىلىسىدە غوجىدار، تازىلىق ئىشچىسى، ئاشپەز ۋە گۈلچى قاتارلىق خىزمەتكارلىرى بار ئىكەن. مارجاننىڭ ئۆزى باياشات تۇرمۇشنىڭ راھىتىنى كۆرگەچ، قوشۇمچە شىركەتنىڭ ئاممىۋىي مۇناسىۋەت ئىشلىرىغا قارىشىدىكەن. ئەسلىدە، ئۇ مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان ئىكەن، 1949 - يىلى ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنى تۈركىيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈركىيىدە پۈتتۈرۈپ، كېيىن گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇپتۇ ۋە شۇندىن تارتىپ شۇ يەرلىك بولۇپ قاپتۇ. ئېرىمۇ ئۇيغۇر ئىكەن. ئاتا - ئانىسى 70 - يىللاردا ئارقا - ئارقىدىن ۋاپات بولۇپتۇ. بۇ يەردىكى بىۋاسىتە تۇغقانلىرى قالماپتىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىنى كۆرگۈسى كېلىپ كەپتۇ. ھەپتە - ئون كۈندىن بۇيان مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋېتىپتۇ، يەنە بىرەر ھەپتە تۇرۇپ قايتىدىكەن.

— شىركىتىمىزنىڭ تىجارەت دائىرىسى يالغۇز گېرمانىيە بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، — دېدى مارجان خانىم تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تۈركىيە، ئىران، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە شۆبە شىركەتلىرىمىز بار. يېقىندا جۇڭگو بىلەنمۇ شېرىكلىشىپ سودا قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلمەكچى، ئۇ چاغدا جۇڭگوغا كېلىپ - كېتىدىغان پۇرسەت تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ...

— ۋاھ، ھەقىقىي سودىگەر دېسە، مانا سىلىنى دېسە بولغۇدەك، — زوقلانغىنىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالغان مەنسۇر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ناۋادا مەن سىلىدە بار بايلىقنىڭ ئونىدىن بىرىگە، ياق يۈزدىن بىرىگە ئېرىشەلىسەممۇ، ئارمىنىمغا يەتكەن بولاتتىم.

— ئىنىم، بەلكى مەھكەم باغلىسا، ھەر قانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، — مارجان ئۇنى تۇنجى قېتىم «ئىنىم» دەپ ئاتىدى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۈلۈشكۈن مەرۋايىتنى پەقەت سىزدىنلا ئالماقچى بولغانلىقىمدىن بەلكىم ھەيران قالغانسىز. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ سودا بازىرىنى ئارىلىدىم، دۇكانلاردىكى ماللارنى كۆردۈم. بەزىلىرىنىڭ مېلى دىتىمغا ياقمىدى، بەزىلىرى ساختا ماللىرىنى چىن مال قىلىپ كۆرسەتتى ۋە بەزىلىرى بولسا بەكمۇ يۇقىرى باھا قويدى. مەنمۇ بىر نەچچە تەڭگىنىڭ كۆزىگە قاراپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ مېنى ئەخمەق قىلماقچى بولغانلىقى ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى. پەقەت سىزلا ماڭا راست گەپنى قىلدىڭىز.

«ئەسلىدە گەپ مۇنداق ئىكەن - دە، — دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى مەنسۇر، — ئۈلۈشكۈن راستىنلا ئۆزۈممۇ سەل ھەيران قېلىۋېدىم... ئىشقىلىپ، بۇ باي خېنىمغا يېقىپتىمەن...»

مارجان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇندىن كېيىن باشقىلاردىن ئەھۋالىڭىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. تىجارەت قىلىشنى بىلىدىغان، چېچەن، ئەقىللىق يىگىت ئىكەنسىز. بىر نەچچە يىل ئىچىدە قانچىلىغان كەسىپداشلىرىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىپسىز. ئاندىن خەنزۇچە ۋە چەت ئەل تىللىرىنىمۇ بىلىدىكەنسىز...

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، — ئاڭلاپلا ئولتۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلغان مەنسۇر ھىجىيىپ تۇرۇپ خانىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — خەنزۇچىنى بىلىدىغىنىم راست، ئەمما چەت ئەل تىلىغا كەلگەندە بىر نەچچە سۆزنىلا يادىلىيالايمەن.

— شۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش دەڭا، قالغىنىنى ئاستا - ئاستا تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ، — يەنە سۆزىنى ئېلىپ كەتتى مارجان، — بىراق، ئىستىقباللىڭىزنى ئويلاپ قايغۇردۇم. مۇشۇ كىچىككىنە بۇتكىغا تايىنىپ قانچىلىك بېيىغىلى بولار؟ دوپپامچىلىك بۇ شەھەردە ھۆكۈمەت دۇكانلىرىدىن تاشقىرى سىزگە ئوخشاش خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. قاراپ باقسام، سودىنىڭ ئانچە تايىنى يوقتەك قىلىدۇ. بىر مۇنچە پىرىكازچىكلار كۈنبويى ئەسنىشىپ، مۈگدىشىپ ئولتۇرىدىكەن ياكى بولمىسا قۇرۇق پاراڭ سوقۇشىدىكەن. بولۇپمۇ سىزگە ئوخشاش ياش ھەم ئىقتىدارلىق تىجارەتچىلەر مۇنچىلىك سودا بىلەن قانائەتلىنىپ قالسا بەكمۇ ئېچىنىشلىق - تە. سىزدەك كىشىلەر چەت ئەللەردە مىليونېرلىققىمۇ قانائەت قىلمايدۇ، ئىنىم...

«ئەجەبمۇ ئەقىللىق ئايالكەنە بۇ، خۇددى مېنىڭ ئىچ-باغرىمنى يېرىپ كۆرگەندەكلا سۆزلەۋاتىدۇ دېسە.»

— دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى دېدىلە، — دەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن مەنسۇر ئۇنىڭ يەنە سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — مېنىڭمۇ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىم شۇ. بىراق موزايىنىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە دېگەندەك چوڭراق ئىش تەۋرىتەلمەيۋاتىمەن.

— چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز يوقمۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت تېمىنى يۆتكىدى مارجان.

مەنسۇر مۇنداق سوئال بېرىلىشىنى كۈتمىگەن ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ تېزلا جاۋاب بەردى:

— يوق.

— ھەتتىمگىنەي، — مارجاننىڭ چىرايىدا ئېچىنغانلىق ئىپادىسى پەيدا بولدى، — چەت ئەلگە چىقىپ بىر مەزگىل تۇرغان بولسىڭىز تىجارەت ساھەسىدىكى بىلىمىڭىز تېخىمۇ كۆپىيەتتى.

— ئۆزۈمنىڭمۇ چەت ئەللەرنى بەكمۇ كۆرگۈم بار. خۇدا بىر بۇيرۇسا يەنە ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن مەككە، مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىمەن دېگەن نىيەتتىمەن.

— بۇمۇ بولىدۇ، ھەج قىلىش ساۋابلىق ئىش، بىراق سىز ئەڭ ياخشىسى دۇنيا سودىسىنىڭ مەركىزى بولغان ياۋروپانى كۆرسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— ئەمما مەن ئۇ يەرگە قانداق بارالايمەن؟

— ئىنىم، بايا «بەلنى مەھكەم باغلىسا، ھەر قانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ» دېدىڭىزغۇ، بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش، — مارجان ئۇشتۇمتۇت سائىتىگە قارىدى - دە، — ۋاي، ئەجەب ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەنغۇ! مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، خوش، ئەندى مەن قايتاي، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

مەنسۇر سۆھبەتنىڭ تازا ھالقىلىق پەيتىدە ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندىيۇ، ئەمما، بۇ ئەتىۋار مېھماننى يەنە تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى دۇكىنىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مارجان خانىم بۇ قېتىم پەس ئاۋازدا:

— گۇدبباي، — دەپلا خوشلاشتى.

مەنسۇر ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن راسا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ دۇكىنىغا قايتىپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تىنچلىقى تامامەن بۇزۇلدى. شېھىردىن خىياللار كاللىسىنى گويا چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

يا ھەزرەت، چەتئەللەردە ئۇيغۇرلاردىن چىققان شۇنچىلىك چوڭ بايلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ. مەنسۇر بۇرۇنمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە پاكىستانلاردا ئۇيغۇرلاردىن خېلى چوڭ بايلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگۈچىلەر ئۇلارنىڭمۇ مۇنۇ مارجان خانىمدەك دۇنياۋى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىشمىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇر بايلار ئىچىدە بۇ خانىمغا تەڭلەشكۈدەكلىرى يوق ئوخشايدۇ. دېگەنبىلەن مەنسۇر راستىنلا تەلەيلىك يىگىت - تە، تەقدىرنىڭ ئۇنى مارجان خانىمدەك كاتتا شەخس بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويغىنىنى دېمەمدىغان!؟ ھەي... ئۇ مارجان خانىمغا ياكى ئۇنىڭ ئېرىگە يىراق - راق بولسىمۇ تۇغقان بولۇپ قالغان بولسا، قانداق ياخشى بولغان بولاتتى - ھە!؟ ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ چەتئەلگە چىققان، دۇنيانى تازا ئايلانغان بولاتتى. تىجارەت دېگەنلەردىنمۇ ئوت چىقىرىۋېتەتتى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئېسىل ماللارنى ئەكېلىپ، باشقا كەسىپداشلىرىنىڭ ئىچىنى ئۆرتىۋېتەتتى ... يەنە تېخى خانىم ياكى ئۇنىڭ ئېرى مۇشۇ يەردە قېلىپ بىز بىلەن بىللە ئىشلەك دېيىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا... قالاتتى جۇمۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ يەردە ئادەتتىكى بىر پىرىكازچىك بولسىمۇ، ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپالايدىغان تۇرسا. ئائىلى بىلەن بالىسىنىمۇ كېيىن ئېلىپ چىقىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ھە راست، مارجان خانىم جۇڭگو بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلماقچىمىز دېدى. شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلار مەنسۇرنى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. پاھ، نېمە دېگەن بەخت - ئامەت بۇ!؟ ھازىر مەنسۇرنى ھېچ ئالدىغا ئۆتكۈزمەيۋاتقان مۇنۇ بىر نەچچە سولتەك ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ - دە. ئاھ، شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟...

مەنسۇرنىڭ ئوي - خىياللىرى شۇ يەرگە كەلگەندە شادلىقتىن ئەندىكىپ خىيالىنى بىر پەس داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئاشۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتكەندەك بولدى. ئەمما بىردىنلا ئۇنىڭ مارجان ياكى ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىقى يوقلۇقى ئېسىگە چۈشۈپ قېلىپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۆمرىدە ئاۋۋال تەنزىكەشلىك، كېيىن پاسسازىرلار بېكىتىدە ئىشىك باقارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن رەھمەتلىك دادىسىنىڭ پەسىزلىكىگە غەزەپلەندى. ئاچچىقىنى بېسىش ئىستىكىدە ئۆزمەي تاماكا چەكتى.

«بىراق بايا شۇ ھەققىدە گەپ بولغاندا، — دەپ بىر ئازدىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى مەنسۇر، — خانىم: ‹بەلنى مەھكەم باغلىسا، ھەر قانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ› دېگەنندەك گەپنى قىلدى. بۇ راستىنلا چەتئەلگە چىقىش نىيىتىڭىز بولسا بىز ياردەملىشىمىز دېگىنىمىدۇ؟ ئەستا، سۆھبەت ئەجەب نازۇك يېرىگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى - دە. مەنمۇ تازا قاباقباش، ‹يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟› دەپ سوراۋالمىغىنىمنى كۆرمەمدىغان. ھەي... ئۇ يەنە كېلەرمۇ؟...»

مەنسۇر راستىنلا تەقدىرنىڭ ئەركە بالىسى ئوخشايدۇ، ئۇنى ئەگىپ يۈرگەن بەخت قۇشى ئۇنىڭدىن زادى يۈز ئۆرۈمەيدىكەن.

مارجان خانىم ئەتىسى يەنە كەلدى. بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغان مەنسۇر

خۇشاللىقىدىن قىلغىنىنى قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇنى دۇكانغا كىرىشكە تەكلىپ قىلمۇۋېدى، لېكىن خانىم يوكەي ئالدىدا كېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ئەگەر تۇنۇگۇنكى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش خىيالىڭىز بولسا، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بىردە ياتىقىمغا كىرىڭ، بىر نەچچە كىيىملىك رەخت ئېلىۋېلىڭ، — دېدى — دە، تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىدىكى ياتاق نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىپلا كېتىپ قالدى.

ئۇلار يەنە ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتى. ھەر ئىككى قېتىملىقى مېھمانخانىنىڭ ياتىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. مەنسۇرنى كۆرگەن كۈتكۈچىلەر ئۇنى ئېسىلزادە مېھمانغا مال ئېلىپ كەپتۇ دەپ بىلىشتى. چۈنكى مارجان ئىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارغا ئەسكەرتىپ قويغان ئىدى.

بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە مارجان خانىم تولاراق گېرمانىيىدىكى تۇرمۇشى ھەققىدە ۋە ئومۇمەن ئۇ يەردە ياشاشنىڭ قولايلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. چاي شىرەسىدە بويىغا يەتكەن بىر قىزنىڭ ئالتە سۇك چوڭلۇقتىكى رەڭلىك سۈرىتى ئېلىنغان بىر رامكا تىكلەكلىك تۇراتتى. مەنسۇر ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا ئىككى - ئۈچ قېتىم قاراپ قويدى.

— قىزىم مەرۋايىتنىڭ مەن بۇ ياققا مېڭىش ئالدىدا چۈشكەن سۈرىتى، — دېدى مارجان خانىم.

مەنسۇر سۈرەتكە يەنە بىر قېتىم دىققەت بىلەن قارىدى — دە، بۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان بۇ گۈزەل قىز بىلەن ئاپىسى مارجان خانىم ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىققا ھەيرانۇ — ھەس قالدى.

— يا ھەزرەت، نېمىدېگەن ئوخشاشلىق بۇ!؟ — دەۋەتتى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا.

— شۇنداق، — كۈلۈپ تۇرۇپ تەستىقلىدى خانىم، — ياش قىرامىزدىكى پەرقنى دېمىگەندە ئىككىمىزنى ئايرىۋالماق راستىنلا قىيىن. ئالىم دوستلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، مۇنداق تولۇق ئوخشاشلىق ناھايىتى كەم ئۇچرارمىش ۋە قانىنىڭ ئىنتايىن ساپلىقىنى ئىسپاتلارمىش. راستىنى ئېيتسام، بىز گېرمانىيىدە شاھلاردەك راھەت - پاراغەتتە ياشىساقمۇ، لېكىن بىر غېمىمىز بار. كېيىن ئىزىمىزنى باسقۇدەك ئوغلىمىز يوق. ئەڭ مۇھىمى قىزىمىزغا جۈرە تاللاشتا بېشىمىز قاتىدۇ. مەرۋايىتمۇ، بىزمۇ كۈيئوغۇلنىڭ ئۆز مىللىتىمىزدىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بىراق گېرمانىيىدە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن قىزىمىزغا لايىق كەلگۈدەكلىرى يوق...

مەنسۇر بۇ ھەقتە بىرەر ئىپادە بىلدۈرمىدىيۇ، ئەمما كۆڭلىدە: «ھەي... شۇ كۈيئوغۇل مەن بولۇپ قالغان بولسام — ھە!» دېگەننى ئارزۇ قىلدى. دېگەندەك، سۆھبەت ئوبدانلا چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، خانىم بىردىنلا دەل مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى.

مەنسۇر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا بىراشتا قولىقىغا ئىشىنەلمەي: «ئۆڭۈممۇ، چۈشۈممۇ؟» دەپ ھودۇقۇپ قالدى. گەرچە راست شۇنداق گەپ بولغانلىقىغا ئىشەنمىدىيۇ، لېكىن سەل دىلغۇل بولدى. گېرمانىيىگە چىقىپ مارجان خانىمغا كۈيئوغۇل بولۇش دېگەنلىك — ھازىرقى ئايالى بىلەن ئاجرىشىش، باللىرىدىنمۇ ئايرىلىش دېگەن گەپتە ئاخىر. گۈزەللىكتە ھازىرقى خوتۇنىمۇ ئاۋۇ مەرۋايىتتىن قېلىشمايدۇ، ئوغلىمۇ بەك ئوماق...

بىراق، سەلدىن كېيىن كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ يەنە شىركەتكە موئاۋىن دىرېكتور بولىدىغانلىقى ئېيتىلغاندا، ئۇنىڭ ئارانلا تارتىشىپ تۇرغان كۆڭۈل رىشتىسى ئاسانلا ئۈزۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ھازىرغىچە ئۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭدا ئۆزىنى توختاتقان تەجرىبىلىك كىشىلەردەك «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان» ئېغىر - بېسىقلىق يوق ئىدى، ئەكسىچە بىرەر ئىشقا يولۇققاندا كۆپىنچە ئامەتنى كېلىۋاتقان تەۋەككۈلچىلەردەك تېزلا بىر قارارغا كېلىپ

بولاتتى.

— بۇ ئىلتىپاتلىرىڭىزنى جېنىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن، — دېدى ئۇ مارجاننىڭ چىرايىغا ھاياجان بىلەن تىكىلىپ.

ئۇلار يەنە بىر ئاز سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن مارجان سائەتكە قاراپ قويۇپ، مەنسۇرغا ئەندى قايتىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— ئەسلىدە، مېنىڭ بۇ قېتىم ۋەتەنگە كېلىشىمدىكى ئاساسىي مەقسىتىم ئاشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىدى، — دېدى ئۇ بولغۇسى كۈيئوغلىنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ كېلىپ، — سىزگە ھازىر تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدىڭىز. ئەمما بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئەتىگىچە يەنە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ. مۇبادا ھازىرقى ۋەدىڭىزدىن يېنىش توغرا كەلسىمۇ، سىزدىن رەنجىمەيمەن. يەنە ئىككى - ئۈچ نامزات بار، ئۇلارمۇ ناھايىتى قىزغىن، لېكىن سىز بىلەن كېلىشەلمىسەك، ئاندىن ئۇلاردىن بىرىنى تاللايمەن. ئىشقىلىپ، بۇ مەسىلىنى مۇشۇ قېتىم ھەل قىلماي قايتمايمەن. خوش ئەمىسە، ئەتە يەنە بۈگۈنكى ۋاقىتتا كېلىڭ، يەنە بىر نەچچە كىيىملىك رەخت ۋە بىر ئاز مەرۋايىت ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ.

مەنسۇر ئەتىسى كەلگەندە مارجان خانىم ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ تېخىمۇ چىڭىغانلىقىنى بىلدى.

— بوپتۇ، ئەمىسە كېلىشتۇق، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن سۆھبەتنى خۇلاسىلەپ، — مەن ئۈچ كۈنلۈككە يولغا چىقىمەن، يەنە قاچان كېلىدىغانلىقىم سىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىڭىزنى پۈتتۈرۈشىڭىزگە باغلىق، ئىشقىلىپ، تېزراق پۈتتۈرۈشكە تىرىشىڭ.

— ئۇ ھەقتە بىر نەچچە خىل چارە-تەدبىر ئويلىنىپ قويدۇم، — ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈردى مەنسۇر، — خۇدايىم بۇيرىسا ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىپ بولۇشۇمغا ئىشەنسىلە.

— يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىغا بەكمۇ دىققەت قىلىڭ، خۇسۇسەن ئايالىڭىزدا قىلچىمۇ گۇمان تۇغۇلۇپ قالماسلىقى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاجرىشىش ئىشىڭىز سوغا چىلىشىدۇ.

— ئۇ ئۆزىچە ھالى يوغانراق بىر نېمە، — ھېجىيىپ تۇرۇپ گەپ ئارىلىدى مەنسۇر، — غورۇرىغا تېگىدىغان ئازراق ئىشنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن ...

— ھىم، شۇنداقمۇ؟ — مارجان مەسخىرىلىك كۈلۈپ سۆزنى بۆلدى، — ئۇ ئۆزىنىڭ غورۇرى بىلەن ئېيىغا 100 نەچچە تەڭگە ئايلىق ئېلىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەشكە رازى بولۇپ قېلىۋەرسۇن. سىز بىلەن بىز بۇ دۇنيادىكى راھەتنىڭ مېغىزىنى چاقايلى، قانداق دېدىم؟ — مەنسۇر ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئېغىز ئۆمەللىۋېدى، لېكىن مارجان قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنى جىم تۇرۇشقا بۇيرىدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، — قىزىم ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن ھامان تويۇڭلارنى قىلىمىز. ئاندىن يا ئامېرىكىدا، يا ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە ساياھەت قىلغاچ شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈسىلەر. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل جايلار ئۇ! بۇ ئالەمدىكى جەننەت دېگىنا! ...

شۇندىن كېيىن ئۇ فرانسىيە، شىۋېتسارىيە، ئىتالىيە ۋە گرېتسىيەلەردىكى گۈزەل سەيلىگاھلار توغرىسىدا، ھولليۇودتىكى كىنو ئىشلەش ئورۇنلىرى، نيۇ - يوركنىڭ ئاكسىيە بازارلىرى توغرىسىدا بىر پەس سۆزلىدى. ئۆمرىدە ئۆز يۇرتىدىن بۆلەك يەنە ئىككى - ئۈچلا شەھەرنى كۆرۈش نېسىپ بولغان مەنسۇرگە بۇ گەپلەر خۇددى «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغاندەك تۇيۇلدى. ئەمما يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆزىمۇ شۇ جايلارنى بىۋاسىتە كۆرۈش بەختىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا

ئۆزىنى سىندىباد ① دىنمۇ يۇقىرى قويدى.

— بۈگۈنكى سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مارجان، — ئۈگۈنلۈككىچە يەنە بىر قىسىم ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈۋېلىشىم كېرەك. ئەندى سىز مېنى ئىزدىمەڭ. ئەتە خوشلىشىش ئۈچۈن دۇكىنىڭىزغا ئۆزۈم بارىمەن. ماقۇل، بۈگۈنچە خوش ئەممىسە، ئەتە دۇكىنىڭىزدا كۆرۈشەيلى.

* * *

مارجان بەش ئايدىن كېيىن يەنە كەلدى. ئىككى ھەپتە بۇرۇن مەنسۇر ئۇنىڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئارقىلىق خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ بولغانلىق ھەققىدە خەۋەر بەرگەن ئىدى.

مارجان بولغۇسى كۈيئوغلىغا بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئىشلارنى «گېرمانىيىچە سۈرئەت بىلەن بېجىرىش لازىم» دەپ ئۇقتۇردى - دە، ئەتىسىدىن باشلاپ ئىككىسى تەڭ سەپكە ئاتلاندى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھاۋالە بويىچە بېجىرىپ بېرىشىگە قانائەت قىلماي، ئۈرۈمچى ھەتتا بېيجىڭلارغىچە ئۆزلىرى باردى. دېگەندەك ئىشلار گەرچە «گېرمانىيىچە تېزلىك بىلەن» بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلماي ھەل بولدى.

مەنسۇر گېرمانىيىگە قاراپ يولغا چىققاندا يۇرتىدىكى كىشىلەر ئۇنى ھەر خىل كەيپىياتتا ئۇزىتىپ قالدى. كەسىپداشلىرىنىڭ بىر قىسمى زوقلاندى، بىر قىسىم ھەسەت قىلدى ۋە بىر قىسمى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان ئىستىقبالدىن گۇمانلىنىپ ئېچىنىشتى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى ھەدىسى بۇ ئىشقا باشتىن - ئاياغ قارشى چىقىپ قاتتىق تۇسۇپ باقتىمۇ، لېكىن ئۇنى رايىدىن قايتۇرالمىدى. ئاخىرى ئۇ ئىنىسىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققاندا غەزىپىنى مارجاندىن ئېلىپ، ئۇنى خەقنىڭ ئالدىدا «ئېزىتقۇ، جادۇگەر» دەپ تىللىدى. ناۋادا باشقىلار تۇسۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇشتىنمۇ يانمايتتى.

مەنسۇر كەتتى، ھەدىسى زار - زار يىغلاپ قالدى ۋە ئىككى ئايدىن كېيىن ئىنىسىنىڭ تۇنجى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەنسۇر ئادەتتىكى سالام - سەھەتتىن كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى يازغان ئىدى:

«قەدىرلىك ھەدە، راست ئېيتىپتىكەنسىز، مارجان دېگەن بۇ ئايال ئېزىتقۇ، جادۇگەر ئىكەن. ئۇنىڭ ھېچقانداق سودا شىركىتىمۇ، ئېرىمۇ ۋە ئوقۇۋاتقان قىزىمۇ يوق ئىكەن. ئۇ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان ئادەتتىكى بىر قاۋاقخانىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئېرى بولتۇر بىر قېتىملىق مۇشتلىشىشتا جېنىدىن ئايرىلغان ئىكەن. مەرۋايىت دېگىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋە ماڭا كۆرسەتكىنى ياش ۋاقتىدا چۈشكەن سۈرىتى ئىكەن ...»

مەنسۇرنىڭ ھەدىسى خەتنى مەكتەپ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ئوقۇغان ئىدى. خەت شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ تاقەت قىلالماي:

— ۋاي شور پېشانە ئىنىم! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە خەت يېزىلغان قەغەز قولىدىن تويۇقسىز سىيرىلىپ، شامالنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى.

1991 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

① سىندىباد — «مىڭ بىر كېچە» دىكى ساياھەتچى پېرسوناژ.




(سەھنە ئېپىزونى)

**ئاپرېل سەمەت قىزى**

ۋاقتى: ياز، كەچقۇرۇن.
ئورنى: سېيىتئاخۇن بىلەن ئايشەمگۇلنىڭ ئۆيى.

(ئايشەمگۇل خۇشال-خۇرام ھالدا ئىچكەركى ئۆيدىن پەتنۇس كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ، پەتنۇستىكى مېۋىلەرنى تۇگلاتقۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ، خۇشلۇقىدىن تۇگلاتقۇنى سىلايدۇ. سىرتتىن سېيىتئاخۇننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ دەرھال تۇگلاتقۇنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالىدۇ.سېيىتئاخۇن گۆش كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن،گۆشنىجوزا ئۈستىگە قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە قارايدۇ. ئايشەمگۇل گۆشنى چاققانلىق بىلەن تۇگلاتقۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ يەنە تۇگلاتقۇنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈۋالىدۇ.)

**سېيىتئاخۇن:** ئايشەمگۇل، تۇخۇ قونداققا چىقماستا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ



ئۇخلاپسىلەدە. ۋۇي، يوقۇبالىمنىڭ ئانىسى؟

(ئايشەمگۈل توختىماستىن كۈلىدۇ. سېيىتئاخۇن ئايشەمگۈلنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: ئايشەمگۈل، ئەركەك قوينىڭ تازا سېمىز گۆشىدىن ئەكەلدىم، دورا-دەرمەكىنى تەگشەپ، ئوخشىتىپ پىشۇر مانتا ئېتىڭلار.

ئايشەمگۈل: گۆش قېنى؟

سېيىتئاخۇن: (جوزىغا قاراپ) ۋۇي، يوق تۇرىدۇ-يا، مۈشۈك ئەپقاچتىمۇ نېمە؟

ئايشەمگۈل: بىزغۇ بۇ ئۆيدە مۈشۈك باقمىغان.

سېيىتئاخۇن: ئۇنداقتا، سىلى-بىزگە تۇيۇدۇرماي ئۆيگە ئوغرى مۈشۈك كىرىدىمۇ-يە؟

ئايشەمگۈل: (كۈلۈپ كېتىدۇ) گۆشنى مانا بۇ ئوغرى مۈشۈك يەۋاپتۇ (توخلاتقۇنى ئېچىپ گۆشنى كۆرسىتىدۇ).

سېيىتئاخۇن: تاپماس قىلىقىڭلار يوق جۇما، خوتۇن.

ئايشەمگۈل: سېيىتئاخۇن، بۈگۈنمۇ يەنە كۈپكۈندۈزدىلا ئىككى سەر ئىچىۋالدىڭىزمۇ - نېمە؟

سېيىتئاخۇن: قوپساڭلا - تۇرساڭلا، قولىمىزغا جىقراق پۇل كىرسە، بىزمۇ توخلاتقۇ ئالساق دەيتتىڭلار، مانا بۈگۈن توخلاتقۇنىمۇ ئالدۇق، شۇنىڭ خۇشلۇقىدا پوكەيگە يۆلەپلا تىك تۇرۇپ قىلىپ ئىككى-تۆت سەر قېقىۋەتتىم، دەڭلا.

(سېيىتئاخۇن ساپادا ئولتۇرىدۇ. ئايشەمگۈل يەنىلا توخلاتقۇنى سىلايدۇ.)

ئايشەمگۈل: (خۇشال هالدا) سېيىتئاخۇن، بىزنىڭ بۇ بىڭشاڭجىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىلە، «بوسارە» دەيدىكەن، سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بىڭشاڭجىنىڭ ئىسمىنى... نېمە دېگەنتى؟ (سەل ئويلىنىپ) هە... مې ...مىر ... تاپتىم، «مېھىرنىسا» دەيدىكەن.

سېيىتئاخۇن: بىزنى توخلاتقۇ ئالدى، دەپ مۇبارەكلىگىلى ئۆيىمىزگە بوسارەم بىلەن مېھىرنىسا كېلەمدىكەن؟

ئايشەمگۈل: ئىككى سەر ئىچىپ تۆت سەر مەست بولۇۋالدىڭىزمۇ-نېمە؟ مەن بىڭشاڭجىنىڭ ئىسمىنى دەۋاتىمەن. ئوتتۇرا بويلۇقى «بوسارە»، سىلىدەك ئېگىز بويلۇقى «مېھىرنىسا» كەن. يەنە پاكار بىر بىڭشاڭجى باركەنغۇ؟

سېيىتئاخۇن: هە، سىلىگە ئوخشاش پاكار-دوغىلىقىنى دەمسىلە؟

ئايشەمگۈل: گېپىمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقاندا تولا ئازدۇرماي تۇرۇڭلا. (سەل ئويلىنىپ) ئۇ بىڭشاڭجىنىڭ ئىسمى هېلىقى پاكار قوشنىمىزنىڭ ئىسمىغا ئوخشايتتى. (يەنە ئويلايدۇ). تاپتىم. هە، راست، «ساۋۇتوپ» دېگەندەك قىلغان.

سېيىتئاخۇن: قىزىق خوتۇن-دە، سىلە. ئادەم ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان يوچۇنلا گەپنى قىلىدىكەنسىلە؟

ئايشەمگۈل: سېيىتئاخۇن، باباتىن بېرى مەن سىلىگە «ئورغۇيچە» گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ؟

سېيىتئاخۇن: نېمە دېدىڭلا، هازىرقى گېپىڭلىنى يەنە بىر دەڭلا؟

ئايشەمگۈل: «ئورغۇي» دېدىم.

سېيىتئاخۇن: (كۈلۈپ كېتىدۇ) ۋاي ئايشەمگۈل، ئوڭلاپ ئۆزۈڭلىنىڭ مىللىتىنىڭ ئېتىنىمۇ تۈزۈك دېيەلمىسەڭلا سەت ئەمەسمۇ؟ «ئورغۇي» دېمەي، ئۇيغۇر دەڭلا، ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرمەي.

ئايشەمگۈل: ئۇيغۇر.

سېيىتئاخۇن: مانداق دېمەمسىلە. بىزنىڭ توخلاتقۇنىڭ ماركىسى «بوسارە» ئەمەس، «بروسا»؛ ماڭا ئوخشاش ئېگىز توخلاتقۇنىڭ ماركىسى «مىنىسكى»؛ قوشنىمىز ساۋۇتوپتەك پاكار توخلاتقۇنىڭ ماركىسى بولسا «ساراتوپ»، ئەمدىغۇ بىلگەنسىلە؟

ئايشەمگۈل: (بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ سانايدۇ) بروسا، مىنىسكى، ساراتوپ. هەي سېيىتئاخۇن، ئادەمنىڭ تىلى كەلمەيدىغان نەدىكى ئورۇسچە رىسكى، مىسكى، توپ-مۇپلىرىڭلىنى قويۇڭلا، تىلى كەلگەن گەپنى

دېمەمدۇ، يا مەن ئورۇسچە بىلمەيمەن.

سېيىتئاخۇن: ئاز - پاز ئورۇسچە گەپنى ئۆگىنىپ قويساڭلىمۇ زىيىنى يوق، خوتۇن. ھازىر يەنە ئۇلار بىلەن دوست بولۇۋاتىمىز ئەمەسمۇ. كىم بىلىدۇ، ساياھەتكە كەلگەن ئورۇسلار ئۆپكە - زاسۇ يېگىلى ئالدىڭلىمىزغا كېپقالامدۇ، تېخى؟

ئايشەمگۈل: دېگىنىڭلىمىزغۇ بىر ھېسابتا توغرا. سېيىتئاخۇن، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ كېپىگە كېلەيلى (ساپاغا كېلىپ سېيىتئاخۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ). ھۆكۈمەت ئىشىكنى يوغان ئېچىۋېتىپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن بۇيان، ئىش - ئوقەتنىڭ يولى ئېچىلىپ، سىلە كاۋاپچىلىق قىلىدىغانلار، مەن ئۆپكە - زاسۇ قويۇپ سېتىپ، خېلى بايىمۇ بوپقالدۇق. قولىمىزمۇ ئۇزىراپ، ئۆيىمىزدە لۈيىنجى، لۇشياڭجى، شىيىجى، فىڭرىنجى، مېيىچى، دەنشىجى، بىڭشاڭجى... جى، جىلارمۇ بار بولغانتى.

سېيىتئاخۇن: تولا جى، جى، جى دەۋەرمەي، ئۆزىمىزچە ئېيتىنى دەڭلا، خوتۇن. كىرئالغۇ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، توڭلاتقۇ، سىنئالغۇ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ...(سېيىتئاخۇن گېپىدىن توختاپ قالىدۇ.)

ئايشەمگۈل: (كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا) سىلە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ئىشىكنى تاقىماي ئىچكەركى ئۆيدە ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلىغاندا، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، تېلېۋىزورلىرىمىزنى ئوغرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى (سېيىتئاخۇن بىلەن ئايشەمگۈل بىر-بىرىگە قارىشىپ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ).

سېيىتئاخۇن: بىزنىڭ ئۇ تېلېۋىزور رەڭلىك تېلېۋىزور ئىدى دەڭلا.

ئايشەمگۈل: ھەئە، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزور ئىدى. سىلى كاۋاپ سېتىپ ھېرىپ كەلگەندە مەن سىلىگە ئاچچىق چاي دەملەپ بېرەتتىم. ئىككىمىز ساپادا ئولتۇرۇپ ھوزۇرلىنىپ تېلېۋىزور كۆرەتتۇق.

(ئەسلىمە. ئايشەمگۈل سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ تېلېۋىزورنى ئاچقان ھالىتى. ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» ناملىق كىنوفىلىمىدىكى راجنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ. ئايشەمگۈلنىڭ سېيىتئاخۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەن ھېسسىياتى.)

ئايشەمگۈل: تېلېۋىزوردا سەرگەندار قويۇلۇپتۇ.

سېيىتئاخۇن: سەرگەندار ئەمەس سەرگەردان دەڭلا، خوتۇن. (ئايشەمگۈل خىجىل بولۇپ يۈزىنى ئېتىۋالىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: ئايشەمگۈل، قاراڭلا، رىستا چىقتى... ھە ... (قولىنى ئايشەمگۈلنىڭ مۈرىسىگە ئالىدۇ. ئايشەمگۈل سېيىتئاخۇننىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: ئايشەمگۈل، تارتىنىماڭلا، باللار چوڭ ئۆيگە كەتتى، ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىسا، نېمانچە... (ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تېلېۋىزور كۆرگەن ئەسلىمىسى تۈگەيدۇ.)

ئايشەمگۈل: ئۈنئالغۇمىزمۇ قالتىس ياخشى ئىدى.

سېيىتئاخۇن: ئۇنى بىر دېمەڭلا. ئىككىمىز ئولتۇرۇپ رەھمەتلىك داۋۇتجان ناسىرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ مۇڭ بوپكېتەتتۇق.

ئايشەمگۈل: موقام ئاڭلاپ قانمايتتۇق. دەيلىرىمىز ① مۇ بەك خىل ئىدى دەڭلا.

سېيىتئاخۇن: ئەجەبىنۇ ئاۋازى سۈزۈك، قاراپ ئولتۇرغىدەك پەيزى ئۈنئالغۇ ئىدى، ئۆيىمىزگىمۇ بەك ياراشقان.

ئايشەمگۈل: ياپوننىڭ ئۈنئالغۇسى ئىدى، 1500 كويغا ئالغان.

سېيىتئاخۇن: قوش دەيلىك ئىدى. مەن سىلىگە ياخشى دەيلەرنى سېلىپ چېلىپ بېرەتتىم دەڭلا.

(ئەسلىمە. سېيىتئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ

---

① دەي — ئۈنئالغۇ لېنتىسى.

ئۈنئالغۇغا لېنتا سېلىپ ئۈنئالغۇ قويغان ھالەت. «ئاتۇش ئۇسسۇلى» پەدىسى قويۇلىدۇ. سېيىتئاخۇن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئارقىدىن ئايشەمگۈلنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ توختاپ قالىدۇ. ئۇسسۇل مۇزىكىسىمۇ توختايدۇ. ئەسلىمە تۈگەيدۇ.)

ئايشەمگۈل: ئەمدىغۇ پۇشايمان قىلغانسىلە. ئۆيدىكى مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرى - يالغاندىن ساقلاش ئۈچۈن باۋشەن قىلدۇرۇۋېتەيلى، دېسەم بىپەرۋالىق قىلىپ زادىلا كۆڭۈلشىمىدىڭلا. مانا ئەمدى ...

سېيىتئاخۇن: ۋاي خوتۇن، ئەمدى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، چىقىۋالغىلى ئاچا يوق. ئۆتكەن ئىشنى تەكەۋۇرمەڭلا كۆڭۈلنى يېرىم قىلىپ، كەتكەن ئىش كەتتى. ئەمدى ماۋۇ توڭلاتقۇنى ئوغرى ئالسا قانداقمۇ قىلامىز؟

ئايشەمگۈل: (ئىچكەركى ئۆينى كۆرسىتىپ) يېڭىدىن ئالغان ئىككى پارچە گىلەممۇ بار تېخى. توڭلاتقۇ ئېلىپ ئاشقان 400 كوي پۇلنى بېرىڭلا، مەن گىلەم بىلەن توڭلاتقۇنى ۋاقتىدا باۋشەن قىلدۇرۇپ كېلەي.

سېيىتئاخۇن: ۋاي خوتۇن، باۋشەن سىم دېگەننى ماگىزىندا ئىككى موچەنگە بېرىدىغۇ؟

ئايشەمگۈل: چاقچاق قىلماي 400 كوينى بېرىۋېتىڭلا.

سېيىتئاخۇن: دېمىسەڭلا، كەيسېپچىلىكتە ئۇنتۇپ قالغىلى تاس - تاماس قالىدىكەنمەن. مەن ئۇ پۇلغا سىلە قالتىس خۇش بولغىدەك بىر نەرسە ئالدىم دەڭلا.

ئايشەمگۈل: نېمە ئالدىڭلا؟

سېيىتئاخۇن: كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ، قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلا.

(ئايشەمگۈل ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: قولۇڭلىنى ئەسىرگە چۈشكەن سولداتتەك كۆتۈرمەي تۈزۈك كۆتۈرۈڭلا.

(ئايشەمگۈل ئۆزىنى ئوڭشاپ ئىككى قولىنى كۆتۈرىدۇ. سېيىتئاخۇن ئايشەمگۈلنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ. ئايشەمگۈل كۆزىنى ئېچىپ قولىدىكى ئۈزۈكنى كۆرىدۇ.)

ئايشەمگۈل: ئۈزۈك؟

سېيىتئاخۇن: ھازىر خوتۇن خەقلەر ساپلا قولىغا مۇشۇنداق ئالتۇن ئۈزۈك سالىدىغان بوپكېتىپتۇ. ئۆتكەندە سىلىگە ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن ئۈزۈككە جۈپ قىلىۋېلىڭلا.

(سېيىتئاخۇن خۇشاللىقىدا ئايشەمگۈلنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويىدۇ، ئەمما ئايشەمگۈلنىڭ قولىدا ئۈزۈك يوقلۇقىنى كۆرىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: ئايشەمگۈل، ئۆتكەن قېتىم مەن ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن ئۈزۈك قېنى؟

ئايشەمگۈل: چامادانغا سېلىپ قويدۇم. سىلە ئۆتكەندە ئۈزۈكتىن بىرنى ئېلىپ بەرگەندىكىن، بۇ ئۈزۈكنى ئالمىساڭلىمۇ بوپتىكەن. شۇ پۇلغا توڭلاتقۇ بىلەن گىلەمنى باۋشەن قىلدۇرۇۋەتمىدىغان ئىشتى.

سېيىتئاخۇن: كەچكىچە باۋشەن - باۋشەنلا دەيسىلە، ئاۋۋال باۋشەننىڭ ئۇيغۇرچە ئېتىنى تولۇق بىر دەپ بېقىڭلا.

ئايشەمگۈل: ئىككى - ئۈچ ئېغىز خەنزۇچە گەپنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈشنى بىلىۋېلىپ مەندىن ئىمتىھان ئالغىلى تۇردىڭلىمۇ ئەمدى. باۋشەن دېگەن گەپنى ئويلاپ باقاي. ھە، تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ. ھە، نېمىتتىيا؟ (ئويلايدۇ) س ... ت ... (ئويلايدۇ) ھە، تاپتىم، سېيىتئاخۇن دېگەن گەپتۇ دەيمەن.

سېيىتئاخۇن: (قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ) ئايشەمگۈل، سىلە تاپمايدىغان گېپىڭلا يوق خوتۇن جۇما. ئادەمنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان نەدىكى بىر گەپلەرنى تېپىپ چىقىپ گېپىم بار دەپ قىلىدىكەنسىلە. خەق ئاڭلىسىمۇ، ئاغزىنى قويۇپ ھېلىقى يېرىدە كۈلمەمدۇ؟

ئايشەمگۈل: ياللا، مېنىڭ گېپىم بىلەنلا قالدىڭلىمۇ. يا ھۆكۈمەت سىلىنى تەرجىمانلا قىلماپتىكەن. ئۈزۈڭلا، دە، دەيدىكەنسىلە،

دېسە، شاڭخو قىلىدىكەنسىلە. چۈجە خوراز-
مۇ بىلىكىمنىنى قىچقىرىدۇ، دېگەن گەپ بار،
بىلىشىمچە دېمەمدىمەن. باۋشەن دېگەن گەپ-
نىڭ ئۇيغۇرچىسى سىلىنىڭ ئىسىمگىلىغا ئوخ-
شىغاندەك قىلىۋاتاتتى، شۇڭا مەن، سېيىت-
ئاخۇن دەپتىمەن.

سېيىتئاخۇن: ھەي ئايشەمگۈل، قۇلىقىڭلىنى
دىڭ تۇتۇڭلا، سېيىتئاخۇن ئەمەس، ئىسترا-
خۋانىيە. خەقتىن ئاڭلىشىمچە، يۈتكەن مال -
مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىدىغان ئىدارىمىش.

ئايشەمگۈل: ئاستا - ئاستا ئۆگىنەرمەن،
سىلە بولغاندىكىن. ئۆيدىكى توڭلاتقۇ بىلەن
گىلەمنى ئىستراخۋانىيە قىلىشقا قوشۇلامسىلە،
يوق؟

سېيىتئاخۇن: ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن
ئوقىغاندەك، ئوغرى ئالىدىغاننى ئېلىپ بول-
غاندا، ئەمدى قالغان مال - مۈلۈك-
نى ئىستراخۋانىيە قىلىشقا قوشۇلغىنىمنىڭ
نېمە پايدىسى بار دەيسىلە؟ ماقۇل، قوشۇل-
دۇمۇ دەي، «بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رەمبال» دېگەندەك، ئىستراخۋانىيە
شىركىتى بىزدەك قىچقارسا ئېتى، ئۈتساسېپى
يوق ئۆپكە - زاسۇپەز، كاۋاپچىلارنىڭ يۈت-
كەن مال - مۈلكىنى تۆلەپ بېرەمدا؟ خۇدايا
توۋا دەپ سىڭگەن ئىشىمىزنى يەپ، ئۆز-
ىمىزگە چىڭ بولماقتىن باشقا نېمە چارە بار
دەيسىلە، خوتۇن.

ئايشەمگۈل: نېمىشقا؟

سېيىتئاخۇن: ھازىرچۇ، قۇرۇق گەپ قۇلاققا
خوشياقمايدىغان چاغ. بۇ جاھان ئەمەلدار
بىلەن پۇلدارنىڭ. «ئارقا ئىشىك» قىلماي،
سوۋغا - سالام، پارا بەرمەي تۇرۇپ ھېچقان-
داق ئىش ھەل بولمايدۇ. نەدىكى قولاق ئاڭ-
لىمىغان، كۆز كۆرمىگەن ئىشلارغا ئاغزىڭلىنى
تاتلىق قىلماي، مانتا ئېتىڭلا. مانتا، مىڭ
ئېغىز كاپ - كاپتىن بىر ئېغىز چىپ - چاپ
ياخشى. قويۇڭلا شۇ ئىستراخۋانىيە دېگەننى.

ئايشەمگۈل: قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم
باراۋەر، دېيىدىكەنغۇ ئەمەسمە؟

سېيىتئاخۇن: تولىمۇ كول، ساددا خوتۇن
جۇمۇ سىلە، ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋى-
قاتىدىكى گەپ!

(موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئىشىكنى
بىرسى قاقىدۇ. ئايشەمگۈل بېرىپ ئىشىكنى
ئاچىدۇ. ئىستراخۋانىيە شىركىتىنىڭ خادىمى
ئەنۋەر كىرىدۇ.)

ئايشەمگۈل: كەلسىلە، ئۇكام ئەنۋەرجان
(ئەنۋەرنى ساپاغا تەكلىپ قىلىدۇ. توڭلاتقۇ-
دىن بىر بوتۇلكا گازلىق سۇ ئېلىپ ئىستاكان
بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ). سېيىت-
ئاخۇن، ئەنۋەرجاننى تونىدىڭلىمۇ؟ ئىستراخۋا-
نىيە شىركىتىنىڭ كادىرى.

سېيىتئاخۇن: تونىغاندەك قىلىمەن. بىزنى
ئىستراخۋانىيىگە قاتنىشىڭلار دەپ كەلدىلىغۇ
دەيمەن، ئۇكام.

ئەنۋەر: سېيىتئاخۇن ئاكا، سىلى ئالدىقا-
چان ئىستراخۋانىيىگە قاتناشقانغۇ؟ مەن بۈگۈن
ئۆتكەندە سىلىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرى ئالغان
تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلارنىڭ پۇلىنى
تۆلەپ بەرگىلى كەلدىم.

سېيىتئاخۇن: (ھەيران بولۇپ) ھە؟ بىز
ئىستراخۋانىيىگە قاتناشمىغان تۇرساق.

ئەنۋەر: بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئايشەم-
خان ھەدەم ئۆيدىكى بارلىق مال - مۈلۈك-
لەرنى ئىستراخۋانىيىگە قاتناشتۇرغان، تېخى
خەۋەرلىرىدە يوقكەن - دە؟

سېيىتئاخۇن: (خۇشاللىقىدا نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قالىدۇ - دە، ئايشەمگۈلنىڭ قېشىغا
كېلىپ) ۋاي خوتۇن، راستىمۇ، ئەجەب مەن
بىلمەپتىمەنا؟

ئايشەمگۈل: راست. سىلە ئوقەت قىلىپ
پۇل تېپىشنى بىلگەن بىلەن، ئەپلەپ خەج-
لەشنى بىلمەيسىلە. ھەر كۈنى چىلگە مەست
بولۇپ ئۆيگە كەلسەڭلا، ئۆينىڭ يۈتكەن -
يوقالغان نەرسىلىرى بىلەن كارىڭلا بولمىسا،
ئىستراخۋانىيىگە قاتنىشايلى دېسەم دەيدىغان
گېپىڭلا ھېلىقىدەك. شۇنىڭ بىلەن سىلىگە

قاراپ ئولتۇرماي ئىستىراخۋانىيىگە قاتناشتىم
شۇ. يامان بوپتىمۇ يە؟

سېيىتئاخۇن: (خىجىللىق ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن) ئەمدى... ئەمدى... دېگەن-
بىلەن كاللىگىلا ئىشلەيدىغان، دېتىڭلار بار
خوتۇن جۇمۇ سىلە. كونىلار: «خوتۇنۇڭ
ئەقىللىق بولسا، كۆڭلۈڭ يورۇق بولىدۇ»
دەپ بىكار دېمەپتىكەن. مۇشۇنداق يەرلىـ
رىڭىزنى دەيمەن - دە، سىلىنىڭ. (سېيىتئاخۇن
خۇشاللىقىدا ئۆزىنى باسالماي ئايشەمگۈلنى
قۇچاقلىۋالغىلى تاس قالىدۇ.)

ئەنۋەر: (سومكىسىنى ئېچىپ) سېيىتئاخۇن
ئاكا، مۇنۇ دەپتەرگە قول قويۇپ بەرسىلە.
(سېيىتئاخۇن دەسلەپتە قول باسىدىغان
ئوخشايدۇ دەپ بارمىقىنى چىقىرىدۇ.
ئەنۋەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن دەپتەرگە
ئىسمىنى يېزىپ بېرىدۇ.) تېلېۋىزور ئۈچۈن
2300 سوم، سىنئالغۇ ئۈچۈن 3200سوم، ئۈنئالغۇ
ئۈچۈن 1500 سوم، قېنى، ساناپ ئېلىۋالسىلا.
(پۇلنى ئەنۋەر سېيىتئاخۇنغا بېرىدۇ،
سېيىتئاخۇن ئايشەمگۈلگە بېرىدۇ. ئايشەمگۈل
پۇلنى يەنە سېيىتئاخۇنغا بېرىدۇ.)

سېيىتئاخۇن: ئايشەمگۈل، ھازىرلا گاز-
كۆز قىلىپ بىر تەخسە سەي قورۇپ چىقىڭلار،
ئوكام ئەنۋەرجان بىلەن خۇشاللىقىمىز
ئۈچۈن ئىككى سەردىن كۆتۈرۈۋېتەيلى.

ئەنۋەر: سېيىتئاخۇن ئاكا، رەھمەت. مەن
ھاراق ئىچمەيمەن.

ئايشەمگۈل: سېيىتئاخۇن، ئەمدىغۇ ئىستىرا-
خۋانىيىگە قاتنىشىشنىڭ پايدىسىنى
كۆرگەنسىلە؟

سېيىتئاخۇن: ۋاي خوتۇن، كۆرگەندىمۇ
قالتىس كۆردۈم دېگىلا، خۇددى خاسىيەتلىك
شىۋقەدىرگە يولۇققاندەك. ئەمدى ئويلىسام،
ئۆزۈمچە خېلى بىر نېمىنى بىلىمەن دەپ
يۈرۈپتىمەن، كاللام ۋاماننىڭ بەكلا كەينىدە
قاپتۇ جۇما. ئاغزىمدىن چىقارمىغان بىلەن،
باياتىن بېرى دېگەن گەپلىرىمگە راستىلا
خىجىل بولۇۋاتىمەن.

ئايشەمگۈل: ئوكام ئەنۋەرجان، ئۆيىمىزگە
يېڭىدىن ئالغان توڭلاتقۇنى، ئىككى پارچە گىلەمـ
نى. يەنە سېيىتئاخۇننى قوشۇپ ئىستىراخۋانىـ
يە قىلدۇرۇۋېتەيمىكىن دەيمەن، بولامدىكىن؟

سېيىتئاخۇن: (ھەيران بولۇپ) ئادەمنىمۇ
ئىستىراخۋانىيە قىلدۇرامدۇ تېخى؟

ئەنۋەر: ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئادەم خېيىم -
خەتەرگە ئۇچرىسا ئۇنىڭ بارلىق چىقىمىنى
تۆلەيمىز.

ئايشەمگۈل: بىزنىڭ سېيىتئاخۇننىڭ
پات - پات ئىچىۋالىدىغان خۇيى بار. مەست
ئادەم بالا - قازاغا يېقىن كېلىدۇ. ئالىمادىس
بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسىزە ...

سېيىتئاخۇن: ئاغزىڭلىنى ئۇششۇتمەڭلا
ئوبدان خوتۇن، خۇدايىم ساقلار. لېكىن
بىر ھېسابتا دېگىنىڭلىمىغۇ توغرا. مۇشۇ
ھاراق دېگەن زەھەرنىمۇ ئۆز ھەيلىمچە
بولسا زادىلا ئىچكۈم يوق. ئىچمەيمەن دەپ
تۇرىمەن، لېكىنزە ئۆزۈممۇ سالاغا بوش.
كاۋاپ يېگەن بەزى ئاغىنىلەر: ھە
سېيىتئاخۇن، كۆڭلىمىز دەپ بىر - ئىككى
رومكا قۇيۇپ سالسا، ئۇلارنىڭ قەۋلىنى
قايتۇرالماي قىزىقچىلىقتا ئىچىپ سالىمەن.

ئايشەمگۈل: سېيىتئاخۇن، ئىستىراخۋانىيىگە
قاتنىشامسىلە زادى؟

سېيىتئاخۇن: مەن سىلىنى قىزىلگۈلدەك
ۋاقتىڭلادا ئالغان. بىز دېگەن قىيامەتلىك
ئەر - خوتۇن تۇرساق، خۇدايىم بىللە ياشاپ،
دۇنيادىن بىللە ئۆتكىلى نېسىپ قىلسۇن.
نېمە دېسەڭلا شۇ.

ئايشەمگۈل: مەنىۋۇچۇ، سىلىنى تاللاپ
يۈرۈپ تەگكەن.

سېيىتئاخۇن: بۈگۈنكى ئىشنى كۆرۈپ،
چوڭلارنىڭ: «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن
ئەلا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە چىنپۇتتۇم.
مۇشۇ ئىستىراخۋانىيە شىركىتى سىلە - بىزدەك
ئىشلەپ - پۇل تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيـ
دىغان ئوقەتچىلەرنىڭ بېشىنى سىلاش -

(ئاخىرى 42 - بەتتە)



# ئەۋلىيا ئوت



(ھېكايە)

ئابدۇللا ساۋۇت

— ھۇم! قۇربان داۋۇت ھۇم!... ئوت كەتتى!... ئوت...

جانا بوۋى ئۇزۇلەي ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارغا، ۋېلىسىپىتلىك، پىيادە كىشىلەرگە پەرۋامۇ قىلماستىن، ئاپتاپ تەپتىدە ئېرىپ شىلىپلاپ كەتكەن ئاسفالت يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى - دە، ئىككى قەۋەتلىك بىنا دەرۋازىسى يېنىدىكى گۆش دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تارازىغا گۆش سېلىۋاتقان داۋۇت قاسساپنىڭ چىرايى شۇ ھامان غەلىتە تۈس ئالدى، بۇرۇتلىرى دىر - دىر تىترەپ، مەڭزىلىرى لىپىلداپ تارتىشىپ كەتتى، كۆزلىرىدە ۋەھىمىلىك بىر ئىپادە ئەكس ئەتتى.

— ھۇم!... ئوت كەتتى!... ئوت... — جانا بوۋى ئولۇشۇپ تۇرغانلارنى نېرى - بېرى ئىتتىرىپ پوكەيگە يېقىنلاشتى، — ھەي جوھۇت!... ئۆلمىدىڭمۇ تېخى؟... گۆش بەر، گۆش... ھۇم! ... قۇربان داۋۇت! ... قۇربان ...

داۋۇت قاسساپنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ماغدۇرسىزلانغان قولىغا پىچاقنى ئالدى، پىچاقمۇ تىترەيتتى.

— ئەۋلىيا... ئەۋلىيا خېنىم... قانچىلىك بېرىمەن، بىر سانىنى پۈتۈن بېرەيمۇ - يا؟

— تۆت سەر، جوھۇت... پىچاقتا چىققىنىنى بۆسە!...

— بولدىمۇ خېنىم؟ — داۋۇت قاسساپ بىر پارچە گۆشنى تارازىغا سالمايلا تەڭلىدى، — ئوبدان خېنىم، بۇۋىم...

جانا بۇۋى گۆشنى قوينىغا سالدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا يول بەردى. جانا بۇۋى دۇكان ئالدىدا ئويناۋاتقان بالىنىڭ قولىدىكى ئەگرى تاياقنى تارتىۋالدى، بالا چىر - چىر يىغلىغىنىچە داۋۇت قاسساپنىڭ قېشىغا كېرىپ كەتتى.

— يىغلىما بالام، — داۋۇت قاسساپ ئوغلىنى بەزلەشكە باشلىدى، — يىغلىما، ئەۋلىيا بۇۋىم سېنى...

جانا بۇۋى تاياقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ — شىلتاپ پوكەي ئالدىدا تۇرغانلارغا قاراپ ئېتىلدى:

— بۇ جوھۇتنىڭ گۆشىنى ئالماڭلار! ھالال پۇلغا ھارام گۆش... ھۇم... قۇربان داۋۇت، ئوت كەتتى! ئوت...

كىشىلەر پېتىراپ كېتىشتى. جانا بۇۋىدىن ھەممە ئادەم ئەيمىنەتتى، قورقاتتى، ئېھتىيات قىلاتتى، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى، تىللىسىمۇ، ئۇرسىمۇ ئۈندىمەيتتى.

دۇكان ئالدى بوشاپ قالدى. داۋۇت قاسساپ ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە قورقۇپ، ساراڭسىمىگە چۈشۈپ جىم ئولتۇراتتى. جانا بۇۋى تامبىلىنى سالدى، تامبالنىڭ بېغىنى ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچىغا چېگدى، تاياقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ يۈگۈردى. پۇچقاقلىرى تىلىم - تىلىم يىرتىلىپ كەتكەن كونا، ھەيۋەت تامبال تاياقنىڭ ئۇچىدا پۇلاڭلايتتى. چوڭلار بۇ مەنزىرىدىن قىلچە ئەجەبلەنمىدى، ياشلار خىر - خىر كۈلۈشتى، نېمىدۇر دېيىشتى، ئۇششاق بالىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، ئاياللار بولۇپمۇ قىزلار ئۈزلىرىنى چەتكە ئالدى، قاچتى. جانا بۇۋى قويۇق تېرەكلەر ئارىسىدىكى چايخانىغا كەلدى.

— كەلسىلە بۇۋىم، بىر پىيالە چاي...

— ھۇم!... ھۇم!... جانا بۇۋى گۆشنى چايخانا ئىگىسىگە تەڭلىدى — بۇ گۆشنى پىشۇرۇپ بەرسىلە، بالامغا...

— ئوبدان... ھازىرلا...

جانا بۇۋى يولىغا راۋان بولدى. ئۇ، تاياقنى بېشى ئۈستىدە پۇلاڭلاتقىنىچە قالايمىقان ۋارقىراپ ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەگرى تاياقنىڭ ئۇچىدىكى تامبال گاھ كوچا ئوتتۇرىسىدا، گاھ ماگىزىن ئالدىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ، گاھ يەنە غايىب بولاتتى.

كۈن قىيام بولغان چاغ. قۇياش يەر - جاھاننى ئوتتەك قىزدۇراتتى. چايخانا ئالدى ئاۋات ئىدى. لەمپە ئاستىدىكى كارىۋاتلارنىڭ بىرىدە ئەھمەت ھاجى بىر نەچچە مويسىپىت بۇرادىرى بىلەن چايخورلۇق قىلىۋاتاتتى. يىراقتىن جانا بۇۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھۇم، ھۇم!... ئوت كەتتى!... ئوت ...

ئەھمەت ھاجىنىڭ قولىدىكى پىيالە تىترەپ چېيى داۋۇلغۇپ، تۆكۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ھەمىشە جانا بۇۋىدىكە كۆرۈنۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۆيىدىن چىقمايتتى، بىراق جانا بۇۋى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېرەتتى. ئەھمەت ھاجى بۈگۈن زېرىكىپ بازارغا چىققان ئىدى. ئاھ، خۇدا... يەنە شۇ جانا... ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشنىمۇ، ئولتۇرۇۋېرىشنىمۇ بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا قالدى. جانا بۇۋى ئۇدۇل چايخانا ئالدىغا كەلدى.

— ھۇم، ھۇم!... ئەھمەت ھاجىمۇ سىلى؟ داپلىرىنى چالمايدىغان بولدىلىمۇ؟ باخشىم، ئەھمەت باخشىم... ئەسھابۇلكەھفكە يەنە بارامدۇق؟ ھە، سىلى بارمايلا، مەن بارىمەن، بارىمەن، ئەۋلىيالارغا تاۋاب قىلىمەن، مەندۇ ئەۋلىيا بولىمەن. ھۇم، ھۇم... قۇربان داۋۇتقا پۇل لازىم. ھە، پۇل بەرسىلە، مەن ئۇنىمۇ ئەۋلىيالارنىڭ قېشىغا ئاپىرىمەن پۇل، چاققان بولسىلا، پۇل. ئوت كەتتى!... ئوت كەتتى...

— تۈنۈگۈن ئۆيدە...

— ھە، ئىككى موچەن بەردىلە، ھازىر
يەنە بېرەلا...

— دەۋېرىدىكەنسەن، يەنە بىر كۈن بېرەي-
مەن، ماڭ...— ئەمەت ھاجىنىڭ تاتىرىپ
كەتكەن چىرايى بىردىن غۇژژىدە تۈرۈلدى.—
بولدى، ماڭ كەت!— ئەمەت ھاجى ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى.

— پۇل بەرسىلە،— جانا بۇۋى قولىدىكى
ئەگرى تاياقنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇردى.
مەينەت تامبال ئەمەت ھاجىنىڭ ئۇستىدە
شىتىر - شىتىر ئاۋاز چىقىرىپ لەپىلدەشكە
باشلىدى. كارىۋاتتا ئولتۇرغان مويسىپىتلەر
بىر - بىرىگە تەئەججۇپ ئىلكىدە قاراشتى -
يۇ، گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇشتى.

— بەرمەيمەن!

تامبال ئەمەت ھاجىنىڭ بېشىغا سۈركە-
شىپ نېمىز، ئاق دوپپىسىنى يەرگە چۈشۈرۈ-
ۋەتتى، تامبال توختىماي پولاڭلاپ ئۇنىڭ
يۈز- كۆزلىرىگىمۇ تەگدى.

— ساراڭ!... نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— ھۇم، ھۇم!... يەلپۈپ قويدۇم سىلىنى...
جانابۇۋى ئەگرى تاياقنى بىرلا شىلتىپ
چايخانا ئوچىقىغا تىقتى. ئەمەت ھاجىنىڭ
قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان يۈرىكى
بىر ئاز تىنىچلىنىشقا باشلىدى. تامبال دەسلەپ
پىرس- پىرىس ئاۋاز چىقىرىپ كېيىن لاپپىدە
ئوت ئالدى، ئوت ئىچىدە قورۇلۇپ كۆيۈشكە
باشلىدى. ئوچاقتىن دىماقنى يېرىۋەتكۈدەك
ئاچچىق بۇس ئېتىلىپ چىقتى.
چايخانا ئىگىسىمۇ، چايخورلار-
مۇ بىر -بىرىگە ئەلەملىك نەزەردە قارىشىپ
بۇرنىنى ئېتىۋېلىشتى. ئەمەت ھاجى تاپپا-تۇيپاڭ
دەسسەپ چايخانا ئالدىدىن ئاستا-ئاستا يىراق-
لاشتى. جانا بۇۋى ئۇنى قوغلاپ يەتتى، بەلبېغى-
دىكى مىسۋاكقا ئېسىلغىنىچە سۆرەپ كەلدى.

-ھۇم، ھۇم... خەلقى ئالەم كۆرۈپ تۇر-
سۇن، قېنى، پۇل بەرسىلە، قانچىلىك بېرەلا؟
ھاجىم، ياق، باخشى.

ئەمەت ھاجى غال- غال تىترەيتتى، بېشى-
دىن، يۈزىدىن، پۈتۈن بەدىنىدىن تەرچىپىل-
داپ قۇيۇلاتتى، قىسىماق كۆزلىرى خورلۇق،
ئاھانەت تۈپەيلى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتكەن
ئىدى. تېخىچە مىدىرلىماي ئولتۇرغان موي -
سىپىتلەردىن بىرى سالا قىلدى:

—ھاجىم، بىرەر موچەن بېرىپ قويسىلا،
بولمىسا ئۇ...

—ھازىر يېنىمدا پارچە پۇل يوقتى،—ئەمەت
ھاجى قىسىق كۆزلىرىنى جانا بۇۋىدىن ئەگەتمەكتى،—
ئۇنداق بىشەملىك قىلما، پارچە پۇل يوق،
ئەتە كەل.

—مۇناپىق! —جانابۇۋى قەھرى بىلەن ۋار-
قىرىدى، —ھازىر بېرىسەن!...

—پا... پارچە پۇل يوق! — ئەمەت ھاجى
ئۆزىنى باسالماي جانابۇۋىنىڭ مىسۋاكقا
ئېسىلغان قولىنى قېيىقمۇيتىشكە
تەۋەككۈل قىلدى- يۇ، شۇھامان پۇ-
شايمان قىلدى.— ھە، پارچە پۇل... بۇۋى،
خۇش بولاي بۇۋى، ئۇنداق قىلما.
جانابۇۋى بىر سېكۇنتچە جىم بولدى-دە،
ئاغرىپ كەتكەن قولىغا لېۋىنى باستى، ئان-
دىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— ئىلاھا، ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىسەن،
كۆرۈپ تۇرىسەن، مونۇ ئەمەت باخشى دېگەن
بىخىل، مۇناپىقنىڭ پارچە پۇلىمۇ، پۈتۈن
پۇلىمۇ يانچۇقچىغا نېسىپ بولسۇن، ئامىن!...

چايخانىنىڭ ئىچى- تېشى تەشۋىشلىك، ۋەھىمىلىك
سۈكۈناتقا چۆمدى. شۇ ئارىدا چايخانا ئىگى-
سى پىشۇرۇپ، گېزىتكە ئوراپ قويغان گۆشنى
جانابۇۋىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئەمەت ھاجى
يۇم- يۇم يىغلىۋېتىپ سالما ياقىلىق ئۇزۇن،
ئاق كۆڭلىكىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا قول سالدى،
پۇللارنىڭ بىر قىسمى 100 كويلۇق، بىر قىس-
مى 50 كويلۇق ئىدى.

—مە، مانا 50 كوي، باش – كۆزۈمنىڭ سە-
دىقىسى...

—سەدىقە!— كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان جانا-
بۇۋى چىپپىدا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى،—
سەدىقە دېدىڭمۇ؟ ھېي تېخى... سەن ماڭا
سەدىقە بەرمەكچىمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى ئۆزۈمگە

سەدىقە قىلىۋاتقىنىمۇ؟ ھۇ پوقساقال باخشى!...

—بولدى، تىللاۋەرمەي ئالە، تەگلىگەندىكىن...

جانابوۋى قاتمۇ قات كېيىۋالغان كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈردى، ئەتراپتىكىلەر شۇئان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى.

—ھۇم، ھۇم!... مانىڭدىن سوراپ باقاي...

جانابوۋى ئۇزاپ كەتتى. ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكلەرنىڭ بىرى قىزىل تاۋاردىن، بىرى قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن بولۇپ ئەڭ ئۈستىدىكىسى كۆك سارجا يوپكا ئىدى، ئۇچىسىغا يەنە قېلىن پاختىلىق كەمزۇل كېيىۋالغان ئىدى. ئوچۇق پاقالچاقلىرى ئاپتاپتا تېخىمۇ ئاق، سۈزۈك كۆرۈنەتتى، سالۋاراپ تۇرغان چۇۋۇق چاچلىرى يۈزىنى، بوينىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاچچىق ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت يالقۇنى ئالدىدا، پىغان، داد-پەريادلىرىدىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك يالقۇن ئالدىدا ئاسمانغا مۇئەللەق تۇرغان قۇياشمۇ مىسكىن ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گۇرۇلدەپ كۆيەتتى، قانلىرى يالقۇن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى، پۈتكۈل جىسمى خۇمدانغا ئايلانغان ئىدى. بۇ خۇمداننىڭ سىرتىدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

—ھۇم، ھۇم!... ئوت كەتتى! ئىچىمگە ئوت كەتتى، يۈرىكىمگە ئوت... قۇربان داۋۇت قېنىمەن بالام! گۆش يە. گۆش... ھۇم! ھۇم!!...

— بۇۋىم، ئەۋلىيا بۇۋىم، دوغ ئىچسىلە.

—دوغ! —جانا بوۋى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. تەرلىرىنى سۈرتتى —مۇز، مۇزنىلا بەرگىنە، بولالمىدىم، ئىچىم قىزىپ... مۇز... ئاھ، ئوت!...

جانا بوۋى ئۇششاق چوقۇلغان مۇز پارچىلىرىنى ئوچۇملاپ-ئوچۇملاپ ئاغزىغا سالاتتى، كاراسلىتىپ چايناپتتى. دوغچى قەدىمكى، غايەت يوغان سۆگەتنىڭ ئاستىنى ئىگىلىگەن ئىدى. سۆگەتنىڭ يېنىدىن بىر ئېرىق كۆپ-كۆك سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. ئېرىق ئۈستىدىكى تاختايلىرى چىرىگەن كونا كۆۋرۈكنىڭ بىر سالاسۇنى سۆگەتكە تاقىشىپ تۇراتتى. كۆۋرۈك ئۈستى قارت تاۋاكاسىغا ئايلانغان بولۇپ، ئويۇن تازا ئەۋجىگە چىققان ئىدى. پۇل ئۇتقانلار، ئۇتتۇرغانلار پات-پات سوقۇشۇپ يەنە پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى. كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر سالاسۇنىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئالىم دەلدۈش نەيچىلەپ يۆگەلگەن قەغەزگە نەشە دانىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان كۆك تاماكىنى سېلىپ چېكىۋاتاتتى. بالداقلىرى بوشاپ بىر يانغا قېيشىيىپ قالغان سالاسۇننىڭ قانسىز چىرايى بىلەن مۈكچەيگەن قامىتىگە تېخىمۇ غەيرىي تۈس بەرگەن ئىدى.

—ئاھ... مۇزمۇ دال بولمىدى.

جانابوۋى بوشىغان قاچىنى يېنىدا قويۇپلا ئىچىدىكى نېپىز، قىزىل تاۋار كۆڭلىكىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدى-دە، ئېرىققا ئۆزىنى ئاتتى. دوغچى، مارۇژنىچى، لەڭپۇڭچى ۋە باشقا تۇقەتچىلەر، ئېرىق بويىدا سەكىدەپ ئولتۇرغانلار، قارت ئويناۋاتقانلار بىرلا جانابوۋىغا قاراشتى، كۈلۈشتى، ھىجىيىشتى، لەۋلىرىنى چىشلەشتى، ئاھ ئۇرۇشتى، خورسىندى. جانابوۋى سۇنى شالاپلىتىپ بەدىنىگە، يۈزىگە، بېشىغا چاچاتتى. ئاپئاق پاقالچاقلىرى، سېمىز، سۈزۈك پۇتلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن نېپىز كۆڭلەك ئاستىدىن كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ، تومپىيىپ چىققان يوغان، مىق-مىق ئەمچەكلىرى، دەڭ، سېمىز كاسىسى... ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۈزەل قامىتىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى.

—ۋاي... قايسىڭ، ئوت تاشلىغان؟... ئوت كەتتى!...

جانابوۋى سۇدا ئۇگدىسىغا ياتاتتى. كۆكسىگە چۈشكەن تاماكا قالدۇقىنى شارتىلا ئېلىپ سۇغا تاشلىۋەتتى. ئالمان-تالمان سۇدىن چىقىپ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئالىم دەلدۈشكە ئېسىلدى. ئەتراپنى نەشىنىڭ

ھىدى قاپلىغان ئىدى.

— ھوم، ھوم!... قۇربان داۋۇت سەن ماڭا ئوت قويماقچىمۇ؟ مېنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟ ئوت كەتتى، ئوت... بالام، ئۆز ئاناڭغا چاقچاق قىلما، مەن دېگەن سېنىڭ ئاناڭ. لۈكچەك!...

ئالىم دەلدۈش يۈزلىرىدىكى تېگىۋاتقان تەستەككە چىدىماستىن بېشىنى گىلدىڭلاتقىنىچە ھەدەپ كەينىگە داجىيىتتى. جانابۇۋى ئۇنى كۆرۈك لېۋىدىكە قىستاپ بېرىپ بىرلا ئىتتەردى-دە، سۇغا چۈشۈرۈۋەتتى. ئالىم دەلدۈش سۇ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان تولغاندى - يۇ، ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ مەست ئىدى.

— ئاھ، بالام قۇربانجان!

جانابۇۋى ئاجايىپ بىر چاقچاقانلىق بىلەن ئېرىق لېۋىدىكە كېلىپ سۇغا كىردى، ئالىم دەلدۈشنى تارتىپ تۇرغۇزدى، سۆرەپ چىقىپ دۇغچىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزدى، كىيىملىرى ئارىسىدىن ھېلىقى گۆشنى ئېلىپ، بىربىرلەپ تىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى. جانابۇۋىنىڭ كۆزلىرىدە ئانىلىق مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس نۇرى پارلايتتى، بۇ نۇر كۆز ياشقا، كۆز ياش بولسا پارلاق نۇرغا ئايلانماقتا ئىدى. نۇر بىلەن كۆز ياش ئۆز ئارا سىڭىشىپ باراتتى.

* * *

— جېنىم بۇۋىم، ئەۋلىيا خېنىم، مەن بىگۇناھ، مەن ...بۇرۇن داۋۇتقا تەگكەنلىكلىرىنى نېمە بىلەي. كېيىن... قارىسىلا، ئۈچ بالامغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، مەن...

— مېنىڭ بالامغا ئىچىڭ ئاغرىدىمۇ؟ ھۇشەقىقە، قېرى جالاپ!... بالام قۇربانجانغا سانىڭ مېگىسىنى يېگۈزۈپ ساراڭ قىلغىنىڭ يالغانمۇ؟

— خۇدا ھەققى! ...ئۇنداق دېمىسىلە، ئالىم ئۆزى ھاراق ئىچىپ، نەشە چېكىپ ...ئالىم يەنە...

— ئالىم ئەمەس، قۇربان دە!...

— ھە، قۇربان... ئۇ ھاراق بىلەن نەشىنى تەڭ...

— يالغان! چىق ئۆيدىن... چىقە!

— بۇۋىم، مەن بىگۇناھ، مەن... ماڭا ئازار بەرمىسىلە، نېمە دېسىلە شۇنى قىلاي، ھەر كۈنى ئۆيگە كەلسىلە. بارنى سىلىدىن ئايىمايمەن، لېكىن...

— بارنى؟ نېمىنى مەندىن ئايىمايسەن؟ ھىم... بۇ ئۆي، بۇ نەرسىلەر مېنىڭ، ھەممىسى ماڭا تەئەللۇق. بىلەمسەن؟ داۋۇت دېگەن جوھۇتنىڭ، ئەمەت دېگەن مۇناپىقنىڭ، سەن قېرى جالاپنىڭ قىلچە ھەققى يوق، چىقە ئۆيدىن! بولمىسا ئوت قويىمەن، ئوت!...

جانابۇۋى دىۋاندىن لوڭگىدە كۆتۈرۈلدىدە، مىشىلداپ يىغلاۋاتقان خەلچەمنىڭ چېچىغا كاپپىدە ئېسىلدى، مېھمانخانىدىن ئايۋانغا، ھويلىغا، ئاندىن دەرۋازا سىرتىغا سۆرەپ چىقتى.

— يوقال قېرى قانجىق!...

ئۆي جانابۇۋىدىكە ئۆگىچە قالدى. ئۇ: «ھوم، ھوم، قۇربان داۋۇت ھوم! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ھويلىدا پىر-پىر چۆرگىلىدى، قولىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالىچاڭلاپ يۈگۈردى، سەكرىدى، ئاندىن ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىردى، دىۋان، ئورۇندۇق، تاماق شىرەسىنى تارتىپ-ئىتتىرىپ يىقىتتى، تامدىكى گىلەملەرنى يۇلۇپ تاشلىدى، ياتاق ئۆيدىكى قات-قات تىزىقلىق يوتقان-كۆرپىلەرنى چۇۋۇپ يەرگە ئاتتى، ئايۋان سۇپىسىدىكى گىلەملەرنى ھويلىغا سۆرەپ چىقتى، كىچىكرەك بىر پارچە گىلەمنى ھاجەتخانا ئاستىغا پۇرلاپ تاشلىۋەتتى، ئاشخانا ئۆيدىكى چىنەتەخسىلەرنى بىر-بىرىگە دەستىلەپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى، رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ قانال كۇنۇپكىسىنى يۇلۇۋېلىپ نەلەرگىدۇ چۆرۈۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ داۋۇت قاساپنىڭ ئۆيىنى ئۇچىنچى قېتىم پاراكەندە قىلىشى ئىدى. كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى. دەرۋازا ئالدىغا كىشىلەر توپلاندى. ھېچكىم ھويلىغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى. جانابۇۋى ئۆگزىگە چىقتى، ئۇياندىن-بۇيانغا يۈگۈردى، قۇربان داۋۇت! قۇربان

داۋۇت!... دەپ سوزۇپ، قاتتىق ۋارقىرىدى. بىر ئورنىدا تۇرۇپ: «ناھەقنى ئوقۇيمەن، جىنغا توقۇم توقۇيمەن...» دەپ توۋلاپ تۇرۇپ جىنىنىڭ بارىچە سەكرەيتتى. پۇتلىرى ئاستىدىن گۈپ - گۈپ قىلىپ چىققان ئاۋازلارنى دەرۋازا ئالدىدىكىلەرمۇ ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم توختاپ تەرلىرىنى سىزىتەتتى، ئۆگزە چېتىدىكى ئوتۇن، چىت، قومۇش، ئەسكى كەش ۋە باشقا كېرەكسىز نەرسىلەرنى پەسكە تاشلايتتى. ئۇ خۇددى يوقاتقان ھالدا يۈگۈرۈۋېتىپ: «ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!...» دەپ ۋارقىرىدى- دە، كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋەتتى.

— بۇۋىسىم!... — داۋۇت قاسساپ ھويلىغا كىرىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، غەزىپىنى تېشىغا چىقىرالمىدى، — ئەۋلىيا، ئۇلۇغ ئەۋلىيا، نېمە ئىش بۇ؟

— كاركىرىما جوھوت! نېمە ئىشتى، ئويۇن، تىياتىر. بۇ ئۆگزە، ئاۋۇ ئاسمان، ماۋۇ يەر، ئۆي... ھەممىسى مېنىڭ.

— سېنىڭ؟

— ھەئە مېنىڭ، مەن ئالتۇنغا، تىللاغا ئالغان.

— ئىڭگىلىرىڭنى كەي، سەت بولىدۇ.

— سەنمۇ ئىڭگىلىرىڭنى سال. شۇنداق دېمەك - ئىسسىقتا ئوت كەتمىدىمۇ ئىچىڭگە؟ ھا - ھا - ھا... ماڭا قارا، مەن ھېلىمۇ چىرايلىقمۇ؟ ئاقمۇ؟ سېمىزمۇ؟ ئەمچەكلىرىم دىڭمۇ؟ خەلچەكنىڭ ئەمچىكى كىندىكىگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن، خۇددى قاسساپنىڭ بىلىيىگە ئوخشاش... لاتا بىلەن چىگىپ ئۈستىگە كۆتۈرۈۋالغىنى نېمىسى؟ مېنىڭچۇ؟ مۇشۇنداق تىك تۇرىدۇ، كۆرۈۋال مانا، ئىچىڭ ئاداپ كەتسۇن.

داۋۇت قاسساپ بايا تىن بېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆزلىرى تېخى ھازىرلا ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ قىياپىتىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. جانابۇۋى كىيىملىرىنى كىيىپ پەسكە چۈشتى. دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانلار ئاللىقاچان تارقاپ كەتكەن ئىدى.

داۋۇت قاسساپ بىلەن جانابۇۋى ئايۋان سۇپىسىدا، پالاس ئۈستىدە روبىرو ئولتۇرۇشاتتى. دېرىزىدىن كەچكى شەپەق نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. داۋۇت قاسساپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان بولۇپ ئاۋازى تەمكىن، سۆزلىرى سىلىق، بوش ئىدى.

— قارا، بۇۋىدىم جانا، سەن پەيدا بولغىلى ئۈچ يىل بولدى، شۇنىدىن بۇيان...

— يالغان!... — جانابۇۋى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — سەندە ئىمان بولمىغاچقا يالغان سۆزلەۋاتىسەن، — جانا بۇۋى داۋۇت قاسساپقا يېقىنراق سۈرۈلدى، — مەن پەيدا بولغىلى 39 يىل بولدى، 39 يىل...

— مەن... مەن ماۋۇيۇرتقا دەۋاتىمەن، گېپىمنى بۆلمە. ھە، سەن كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى، شۇنىدىن بۇيان مېنىڭ، ئائىلەمنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، بىر كۈنمۇ تىنىچ ئۆتمىدۇق، ھەمىشە دەككە- دۈككىدە...

— جوھوت، ئارامىڭنى مەن بۇزمۇدۇم، — جانابۇۋى يەنە يېقىنراق سۈرۈلدى، — دۇنيا ۋەسۋەسىدە، پۇل كويىدا، بايلىق دەردىدە يۈرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، خاتىرجەم ئويناپ- كۈلەلمەيدۇ، كېچىسىمۇ ئۇخلىيالمايدۇ، ھەتتا يېنىدا ئۆز خوتۇنىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، تولغىنىپ ياتقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئاخىرى خوتۇنى تالاغا قارايدۇ، جالاپلىق قىلىدۇ، خەلچەك شۇنداق...

داۋۇت قاسساپ ئېغىر خۇرسىندى:

— ئۇنچىۋالا دەپ كەتمە، سەن ياسىرتتا، يا ئۆيدە بىزگە كۈن بەرمىدىڭ، جاندىن تويغازدىڭ.

— سەن ھېچنېمىگە تويۇپ ئۆتمەيسەن، داداڭمۇ شۇنداق...

— نېمە دېسەڭ دە، سېنىڭ تۈپەيلىڭدىن يابىر

ياققا كۆچۈپ كېتەلمەمدۇق، يا خاتىرجەم...
— كۆچۈسەن، ھامان بىر كۈن كۆچۈسەن.
— نەگە؟ — داۋۇت قاساپنىڭ دىمى بوغۇلۇپ ئاۋازى ئاران چىقتى، — ئۇنداق... بىزنى قارغىما، كۆچسەك ھۇچىرايلىقچە، لېكىن نەگە...
— جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرىكەن، مەن چىق يەرلەرنى ئايلاندىمغۇ، سەنمۇ ئايلىنىپ كەل.
— ئۇنداق دېمە. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزگە سالغان زۇلمىڭ ئازمۇ؟ ئەمدى ... ئازان سالغان ماكانىمدا ئامان خۇدا ئولتۇرغىلى قوي، بۇۋى...
— تەقدىر قەلىمىدە پۈتۈلگەننى كۆرەسەن، داۋۇت قاساپ بىلىپ قوي، تەقدىر قەلىمىدە پۈتكەننى...
— ئاھ، خۇدا! — داۋۇت قاساپنىڭ بېشى ئالدىغا ساڭگىلىدى، —بىز ۋەيران بولامدۇق؟ جانا بىر كەپنى ئېيتاي، جەزمەن... سەن سارائلىقىڭنى تاشلا، تۈزۈك يۈر، بولدى، مەن خەلىچىمنى قويۇۋېتىپ سېنى... خەق نېمە دېسە مەيلى، سېنى...
— مۇناپىق!
ئايۋاننىڭ تورىسى غۇلاپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى. داۋۇت قاساپ دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە تۈگۈلۈپ - تىترەيتتى. جانا بۇۋى تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:
— ھەي مۇناپىق، جوھۇت، مەن كىم؟
— ئەسلىدە مېنىڭ خوتۇنۇم.
— قۇربان كىمنىڭ بالىسى؟
— ئىككىمىزنىڭ...
جانا بۇۋى ئۇنىڭ ياقىسىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى. داۋۇت قاساپنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. تورۇستىكى لامپۇچكا بارا - بارا سۇسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئايۋان ئىچى خىرە قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى.
— ئىشىنىسىز جوھۇت، مېنى بىلىسەن، مەن ئەسلىدە ياشلىقىمدا قاش - كۆزلىرىم جايىدا، كېلىشكەن قىز ئىدىم، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالغۇدەك چىرايلىق جانان ئىدىم. سەن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىڭ. دۇنيا - دۇنيالىرىمنى ئوغرىلاپ كەتتىڭ. بالامدىن ئايرىدىڭ. كېيىنچۇ؟ كېيىن بىلمەي، ئۇقماي مۇناپىق داداڭغىمۇ خوتۇن بولۇپتىمەن. ھەر ئىككىڭ ئىمانسىز ھايۋان... ئەمدى، ھىم، ئەمدى سەن مەن بىلەن قايتا ياراشماقچى، مېنى ئالماقچى. مەندىن قورقۇپ شۇنداقمۇ؟ ساڭا ئوخشاش خۇدادىن قورقمىغان ئاسىي بەندە مەندىن قورقامتىڭ؟ ھۇ لەنەتگەردى. بوپتۇ، قورق، تازا قورق. ھەممىڭ مېنى خاراب قىلىشتىڭ. خەلچەك جالاپ بالامنى ئۆگەيلەپتۇ، خورلاپتۇ، ئۆيىگە ياتقۇزماپتۇ، سانىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈپ ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ. ئەمدى قورق، تازا قورق. كۆرىسەن، ھەر قايسىڭنى بۇ دەرگاھتا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىمەن.
— ئوبدان جانا، ئۇلۇغ جانا... — داۋۇت قاساپ يىغلاپ يالۋۇراتتى، — رەھىم قىل، بىز گۇناھكارمىز، مال دېسەڭ مېلىمنى، جان دېسەڭ جېنىمنى بېرەي... بالىلىرىمنى، دادامنى كۈن ئالغىلى قوي. جېنىم جانا، ئۇلۇغ ئەۋلىيا...
— مال ئالمەن!
— راستمۇ؟
داۋۇت قاساپ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەخسۇس خانىسىغا كىرىپ كەتتى، ئاز ئۆتمەي جانا بۇۋىنىڭ ئېتىكىگە بىر چاڭگال تىللا تۆكۈلدى:
— قېپقالغىنىنى شۇ، ئالغىن...
— جېنىڭنى ئالمەن! جېنىڭنى... — جانابۇۋى ئېتىكىنى بىرلا سىلكىپ تىللالارنى يەرگە چېچىۋەتتى، — ئالتۇن دېگەن پىق، ئادەمنىڭ ئەقلىنى بۇلغايدۇ، مەن جېنىڭنى ئالمەن!
داۋۇت قاساپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. جانا بۇۋى ھويلىغا چىقتى. ئەمەت ھاجىغا خاس ئۆيلەرنىڭ چىرىغى ئاللىقاچان

ئۆچكەن بولۇپ، داۋۇت قاسساپنىڭ بالىلىرى چوڭ دادىسى ئەمەت ھاجىنىڭ ئۆيىدە يېتىشقان ئىدى. خەلچەمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ھۇم! ھۇم!... — جانا بوۋاي قاراڭغۇ ھويلىدا سەكرەپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — قۇربان داۋۇت، قۇربان داۋۇت!... ئۇ كەتتى، ھۇم! ... قېنى سەن بالام؟ سېنى تاپىمەن بالام، ئۆيۈڭگە ئەكېلىمەن بالام، — جانا بوۋاي چۆرگىلەپ - پىرقىراپ كېلىپ ئەمەت ھاجىنىڭ ئىشىكىنى زەرپ بىلەن تەپتى. ئىچكىرىدىن كىچىك بالىلارنىڭ قورقۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. — جېنىڭنى ئالىمەن ئەمەت باخشى، جېنىڭنى ئالىمەن! ئاۋۇ كۈنى چايخانا ئالدىدا ئىككى مىچەن بىردىشكە چىدىمىغانتىڭ، خوپ بولدى، مېنىڭ ئىككى يۈز كويى پۇلۇمنى يانچۇقچى ئاپتۇ، خوپ بولدى، خوپ... ھۇم، ھۇم! ھۇم!... جېنىڭنى ئالىمەن، ھۇم!...

تۈن ھاۋاسى سالقىن، راھەت ئىدى. ئاشخانا، بۇتكا، دۇكانلار ئاللىقاچان تاقالغان ئىدى. قېرى سۆگەت تۈۋىدىن ئېقىپ ئۆتكەن ئېرىق سۇيىلا شىلدىر - شىلدىر قىلىپ تۈن جىمىلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. يىراقتىن، سۆگەت تۈۋىدىن پىلىلداپ ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈندى. جانا بوۋاي ئېرىقنى بويلاپ ئالچاڭلاپ دەسسەپ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى توۋلىغىنىچە كېلىۋاتاتتى. نەشىنىڭ قاڭسىق ھىدى جانا بوۋىنىڭ دىمىقىنى غىدىقلىدى.

— ھۇم! ھۇم!... ئاغزىڭغا ئوت قالاۋاتامسەن بالام؟ ئوت كەتتى! ئاغزىڭغا ئوت كەتتى بالام. ئوت...

جانا بوۋاي مەست ئولتۇرغان ئالىم دەلدۈشنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، سىلكىپ - تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ئاھ، بالام، جىگىرىم - پارەم ... جانا بوۋىنىڭ پەريادى كېچە ئاسمىنىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى، — مېنى مۇشۇ ھالغا، مۇشۇ كويغا سالغان ئاشۇ داداڭ دېگەن جوھۇت، سېنىمۇ مۇشۇ كويغا سالغان ئاشۇ داداڭ دېگەن... ئاھ، باغرىم!... بەختسىز ئوغلۇم...

ئەسىرلەردىن بۇيان چۆلدەرەپ ياتقان قۇمياردا تراكتور تاتىلداشقا باشلىدى. كۆكۈشى مەسئۇللىرى بۇ قاقاس يارلىقنى تۈزلەپ ئالمىلىق باغ بىنا قىلىشقا تۇتۇش قىلغان ئىدى. تراكتورچى ياشقىنا يىگىت ئىدى. يۈز - كۆزىنى توپا - چاڭ باسقان بولسىمۇ كىشىگە ھامان يېقىملىق كۆرۈنەتتى. تراكتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى كېچىچىدىمۇ توختىمايتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ يېنىغا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، قاتاڭغۇ بىر ئادەم كەلدى، يېنىدا ئوماققىنا بىر قىز غالتەكنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئوغلۇم، سوپۇنمۇ، گۈگۈت، كىرسىنمۇ نورمىلىق، ھېچ نەرسە يېتىشمەيدۇ، قاراڭغۇدا قالدۇق، ياغدىن تۆت تىيىن...ساۋاب بولار...

— ياغ ماڭىمۇ نورمىلىق، — تراكتورچى يىگىت قىزنىڭ مۆلدۈرلەپ تىكىلىپ تۇرغان قارىقاتتەك قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرۈپشۇ ھامان كېپىنى ئۆزگەرتتى، — شىشە بارمۇ؟

جانانىنىڭ ئۆيىدە سالياركا قويۇلغان جىنچىراغ تۈتەپ ئىس تارتىپ يېنىشقا باشلىدى. جانان دەسلەپ شىشە، كېيىنچە سولياۋ تۇڭ كۆتۈرۈپ قۇمىيارغا كېلىدىغان بولدى. دادىسى مەھەللىدە كىشىلەرگە مەخپىي ھالدا سالياركا ساتتى. تراكتورچى يىگىت يوقسۇل دېھقانغا كۆرسىتىۋاتقان شاپائىتى ئۈچۈن جانانىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇردى. سالياركا ساتقان پۇلغا ئالغان ئاددىي لېكىن گۈللۈك چىرايلىق رەخت جانانىنىڭ ئۇچىسىغا چىقتى. تراكتورچى يىگىت ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ كويلۇق سولياۋ كەش، تۆت كوي ئاتمىش پۇڭلۇق باش ياغلىقتىن بىرنى سوۋغا قىلدى. ياش يۈرەكلەر بىر - بىرىگە تەلپۈنەتتى، كۆزلەر ھەممىنى ئېنىق سۆزلەپ تۇراتتى. بىر كۈنى جانانىنىڭ ئۆيىگە

كۆكشى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى كەلدى.

— تراكتورچى يىگىت مېنىڭ تۇغقىنىم، مېنى پاناھ تارتىپ يىراق يۇرتىمىزدىن كېتىپتىكەن، ئىش تېپىپ بەردىم. ئەمدى ئاتا - ئانا ئورنىدا بېشىنى ئىككى قىلىپ قوياي دەيمەن، سىلىنىڭ قىزچاقنى...

— ئوبدان، سىلىدىن بالا ئايامدىغان.

قەرزگە بوغۇلۇپ ئۆزىنىمۇ سېتىۋېتكۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بىچارە دېھقان قىزىنىڭمۇ بولسا قاپ - تاغاردىن قۇتۇلۇپ ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلىپ مۇدىرغا جان دەپ رازىلىق بىلدۈردى. ئۇ چاغدا شوپۇر ئېتى بار ھەر قانداق ئادەمگە ھەممە ھەۋەس قىلاتتى. بىر كۈنى جانان خۇپتەن ۋاقتى بىلەن قومىيارغا باردى. ئىككى ئىزدىق مېھمىزنى تراكتورچىغا بېرىپ، بىر تۈك سال يارىكا ئېلىپ ياندى. تراكتور يېقىنلا بەردە تاتاتىلايتتى. جانان بىر ئىچكىنى ھىنايا جان، خۇشاللىق ئىچىدە بەخت تۈيغۇسىغا چۆمۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. يولىدىن ئېزىپ قۇم، داڭگال دۆۋىلىرىگە پۈتلىشاتتى، يىقىلاتتى.

قومىيار بارا - بارا تۈسىنى ئۆزگەرتىپ كەڭ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىۋاتاتتى. جانان كېتىۋېتىپ يەنە يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ پۇتى قاتتىق، يوغان بىر نەرسىگە تەگكەن ئىدى.

ياغ تۆگى نەلەرگىدۇ قاڭقىپ كەتكەن، كۆز ئالدىدا بولسا ئۈششاق تۆگىمگە ئوخشاش بىر نەرسە پارقىرايتتى، پۇتلىرى ئاستىدا يوغان بىر كوزا - ساپال كوزا ياتاتتى. جانانىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئالتۇن - تىللا دېگىنى شۇمىدۇ؟ داۋۇتنى قىچقىرايمۇ، ئۇ كۆرمەي قاپتۇ - دە، ياق، ئاۋۋال دادامغا كۆرسىتەي، بىچارە دادام... جانان قۇم ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى تېرىپ كوزىغا سالدى - دە، كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەلدى. شۇ ۋەقە بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن شوخ، مۇلايىم يىگىتنىڭ جۇشقۇن، سەممىي مۇھەببىتى جاناننى بەخت - سائادەت دەرياسىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ مۇسىنگەمۇسىن قوشقان ئاددىي، ئەرزان باھالىق تويلۇق كىيىملەر مەھەللىدىكى بالاغەتكە يېتكەندىنمۇ يالىڭاياغ يۈرىدىغان قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى، جاناننىڭ گۈزەللىكىمۇ كامالەتكە يەتتى... قوربان ھېيت كۈنى تۇغۇلغان ئوغلى قوربانجان ئىككى ياشقىمۇ كىرىپ قالدى. بىر كۈنى دادىسى كۆكشىگە - قىزىنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىگە ئۆك - سېلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— جانان!... ھېلىقى نەرسە جايىدا يوق، ھېلىقى...

— ھە!... — جاناننىڭ تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — نېمە دېدىڭ؟ ياق... دادا چوقۇم...

— مەن، ئاناڭ، سەن - ئۈچىمىزلا بىلەتتۇق، يەنە... ياق، سەن داۋۇت ئاخۇنغا تىنغان ئوخشايسەن.

— ھە!... ھەئە، ياق... — جانان لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى، — ھەئە، دادا... مەن...

— ھۇ ئەقىلسىز ھايۋان! ئېشەك...

قوربانجان ئۆيدە قالدى، جانان دادىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىك تاقالدى، تۈڭلۈككە سېلىنغان ئارغامچا جاناننىڭ كۈندىن - كۈنگە تولۇپ يېتىلىۋاتقان نازۇك، چىرايلىق لېكىن پەشۋا - تېپىكلەردىن ئازابلانغان تېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— نېمىشقا دەيتتىڭ، ئېشەك ... نەچچە ئەۋلادىمىز خەجلەپ تۈگىتەلمەيدىغان شۇنچە كۆپ دەپىنە -دۇنيانى يوقاتتىڭ، ھۇ ھايۋان... تۈڭگۈز ... بىزنى خارابلىقتا ئۆتسۇن دېدىڭمۇ؟ خۇدايىم بەرگەن مال - دۇنيانى ئۆتەپتېشىپ بىر نائەھلىگە دەپ قويۇپ ... چىق! ئۆيدىن چىق! كۆزۈمدىن يوقال! ... لالدا ئىتتەك بىر بۇردا نانغا، بىر پارچە سۆڭەككە زار بولۇپ ئۆت!

جانان يېلىناتتى، چىرقىرايتتى، دادلايتتى،

ۋادىسىدىن رەھىمدىللىك، ئىنساپ، شەپقەت تىلەيتتى. بولمىدى، ئاخىرى ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيىدىن قانداق چىققىنىنى بىلمەيتتى. يىراقتىن ئاتىسىنىڭ يىغىسى ئاڭلىناتتى. جانان كۈلكىشىغا كەلدى، ئۆيىگە كىردى، قۇربانجان يوق.

— داۋۇت ئاخۇن بالامنىڭ مىجەزى يوق، دوختۇرغا ئاپىرىمەن، دەپ ناھىيە تەرەپكە ماڭغان.

جانان بۇ گەپكە ئىشەنمىدى ۋە ئۇنىڭمۇ شۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن يۇرتىدىن ئىزى ئۆچتى. ئۇ بىر تال قۇرۇغان، جانسىز قامىقاقا ئايلاندى. ھاياتنىڭ رەھىمسىز شامىلى ئۇنى بىپايان زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە ئۇچۇرۇپ باردى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلدى، بىراق جانانىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئاشۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىدى. ئېسىگە كەلگەن ھامان ئۇنىڭ تەلۋىلىكى، ساراڭلىقى تۇتۇپ، ئەسەبىيلىشىپ ئالا - چۇقان كۆتۈرەتتى.

شالاڭ يۇلتۇزلار كۆكتە سۇس جىمىرلاپ تۇراتتى. جانابۇۋى ئالىم دەلدۈشنى دەرۋازىدىن يېتىلەپ كىردى.

— ھۇم! ھۇم! ... قۇربان داۋۇت كەلدى، ھۇم. ھەي داۋۇت دېگەن جوھۇت، تىرىكمۇ ئۆلۈكمۇ سەن؟ ئوغلۇڭنى ئەكەلدىم، يەنە ھەيدەپ چىقارساڭ جېنىڭنى ئالىمەن. ھەي دەلدۈش، سىلاڭ، جىگىرىدىم، پارەم، كۆز نۇرۇم ...— جانابۇۋى ئوغلىنىڭ ئېگىكىدىن تۇتۇپ پېشايۋان تۈۋرۈكىگە بېشىنى دوقۇسلىتىپ ئۇردى، — ئۆيۈڭ مۇشۇ، مۇساپىرلىق، ماكانسىزلىق، ساراڭلىق مەن بىلەنلا كەتسۇن. ماڭە، ئوخلا ... ھۇم! ھۇم! ... مەن كەتتىم، ھۇم! ئوت كەتتى! ئوت...

* * *

دىمىق، تىنجىق ھاۋا يېنىپ، تەبىئەت ۋە ھاياتلىق باشكۆزنىڭ ئارامبەخش قۇچىقىدا ھوزۇرلىنىۋاتاتتى.

جانابۇۋى جامە دەرۋازىسى يېنىدىكى سەيپۇڭخانىغا كىرىپ كەلدى. قىز - ئوغۇل شاگىرتلار قورقۇپ، ئىشلىرىنى تاشلاپ بولۇڭغا قىستىلىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— ھۇم! ھۇم! ... ئۇستاڭ قېنى؟ ئۇستام ... جۈمە نامىزىدا ... بۈگۈن جۈمەمۇ؟ ھۇم ... ئوت كەتتى، ھۇ سەتلەر، ئالۋاستىلار، — جانابۇۋى قىزلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى، — نەردىكى چىرايلىق سەن نېمىلەرنىڭ؟ قۇربانجان بالامغا قايسىڭ تېگىسەن؟ سەت ھىجىيىشىدا، كېلىش ... كۆڭلىكىمنى سۆكۈپ تامبال تىكىپ ...

جانابۇۋى ئۇچىسىدىكى كۆلى ئۆڭگەن كونا ئەتلەس كۆڭلەكنى سېلىپ چەتتىرەك تۇرغان، باشقىلىرىدىن سەل چوڭراق بىر قىزنىڭ ئالدىغا ئاتتى. شاگىرتلار دەسلەپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، سېكۇنت ئۆتمەي ئېسىنى يىغىشىپ تام تەرەپكە قاردۇېلىشتى. سەيپۇڭخانا گويا دومۇسسىزلىق بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق دۇنياغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان سەبىي قىزلار، تېخى خىيال كىرمىگەن يىگىتلەر بۇ ھالدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېينىلاتتى. جانابۇۋى قىسقا پۇچقاقلىق تامبال بىلەنلا قالغان ئىدى. چۈۋۇق، چىڭىشلەشكەن چاچلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەلەمقاشلىرى، ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان ھەم قەھرلىك، ھەم ئويناق كۆزلىرى، ئىنچىچام، يۇمىلاق يۈزى، ئاپپاق، سىلىق يەلكىلىرى ئەسلى گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالغان ئىدى، قۇمرىدەك يوغان ئەمما چىڭ ئەمچەكلىرى ئۇنىڭ بەستلىك قامىتىگە يارىشىپ تۇراتتى، رەھىمسىز يىللار، جاپا - مۇشەققەت ئۇنىڭ پېشانىسىگە، كۆز قۇيرۇقلىرىغا ئاز - تولا ئىنچىكە، قىسقا سىزىقلارنى ھەدىيە قىلغان بولسىمۇ، رەڭگى ئەسلىدىكىدىن سەل قارايغان بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيتتى، ھەممە نۇقسان ئۇنىڭ بەختسىزلىكىدە،

نامراتلىقىدا، ئازغۇن - ساراڭلىقىدا ئىدى.

- بول، چاققان تىلىك. هازىرلا كېيمەن.

جۇمە نامىزى ئاخىرلاشتى. سەيپۇڭ ئۇستام كىرىپ جانابۇۋىنى كۆرمىگەندەك ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى. جانابۇۋىنىڭ كۆزلىرى سىرتتا - بىر - بىرلەپ تارقىلىۋاتقان جامائەتتە ئىدى. ئۇ ئىزدىگەن ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ناھايەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بىر يولى قايتقانلار سەينادا كۆرۈنگەن ھامان جانابۇۋى ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

- ساراڭ! ... قېچىڭلار ... بىھايا ساراڭ ...

ئەمەت ھاجى قاچالمايتتى، قاچسا جانابۇۋى - جانا ئەۋلىيا قارغايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قارغىشى ئۆتىدۇ، دېيىشەتتى. جانابۇۋى ئەمەت ھاجىنىڭ سەللىسىنى يۇلۇپ ئالدى، چۇۋۇدى، ئاندىن ئۇنى ئەمەت ھاجىنىڭ بويىنىغا سالدى، سەللىنىڭ ئىككى ئۇچى جانابۇۋىنىڭ قولىدا ئىدى.

- ھۇم! ... جانانى بوزەك قىلغاننىڭ سازايى، - جانابۇۋى ئەمەت ھاجىنى سۆرىگىنىچە سەينادا ئايلىناتتى، - بەختسىز، مۇساپىر، ئاجىز بەندىنى خورلىغاننىڭ سازايى، باخشىلىق قىلىمەن دەپ باشقىلارنى ئالدىغاننىڭ سازايى، ھارام دۇنيانى خەجلەپ ھەج قىلغاننىڭ سازايى، سازايى ... !

بۇ ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئېيتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق خىتابلارنى كىشىلەر ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەمەت ھاجى بېشىغا چۈشۈۋاتقان كۈلپەتلەرگە ياۋاشلىق بىلەن تەن بېرىۋاتاتتى. ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئەۋلىيا ھەممىدىن قۇدرەتلىك ئىدى. ئەۋلىياغا تىل تەككۈزۈش، قول يانىدۇرۇش جىنى بالا - قازانىڭ باشلىنىشى ئىدى. بىر ئايال يۈگۈرۈپ بېرىپ يېلىڭ پىلاتىسىنى جانابۇۋىغا كەيگۈزۈپ قويدى، شۇنداقتىمۇ تۈگىمەسى ئېيتىلگەن پىلاتىدىن ئۇنىڭ لىغىلداپ - سىلكىنىپ تۇرغان ئەمچەكلىرى، قورساقلىرى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- مۇناپىق باخشى! - بۇ ئاۋاز ئەمەت ھاجىغا ئاران ئاڭلاندى، - ھەممە گەپنى خالايىق ئالدىدا دېيىشەمدۇق - يا؟

- ئەۋ ... ئەۋلىيا سەن، ئۇلۇغسەن، - ئەمەت ھاجىمۇ شىۋىرلاپ جاۋاب بەردى، - نېمىدېگەن ئار - نومۇس بۇ؟ نومۇستا ئۆلتەردىڭ. بۇ دەرگاھ ھارام بولدى ماڭا. باق بۇ يەردە ئەمەس، ئادەم يوق يەردە نېمە دېسەڭ، نېمە قىلساڭ مەيلى، ئاھ، خۇدا ... گۇناھكار بەندەڭمەن ...

- خوجا پەقىردىدىن خوجامنىڭ مازىرىغا، گۇمبەزگە ...

- دوزاخقا دېسەڭمۇ باراي ... جانا مېنى شەرمەسار قىلما.

مەغلۇب ئالدىدا، مەھكۇم كەينىدە، ئىككىيلەن بازار كوچىسىدىن ئۆتتى، ئۇششاق باللار، قىسمەن ياشلار خېلى يەرگىچە ئەگەشتى.

تەقدىر شامىلى جانانى خەس كەبى ئۇچۇرۇپلا يۈردى. ئۇنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى داۋام قىلماقتا ئىدى. كېچىنىڭ ھوزۇر - ھالاۋەتلىك دەملىرىدە، تېپىۋېلىپ دادىسىغا بەرگەن كوزىنىڭ تەگە كۆمۈلگەنلىكىنى ئېرىغا ئېيتىپ قويدى. شۇ ئىش تۈپەيلى ئۇنىڭ بېشىغا دەھشەتلىك ئازاب - كۈلپەت چۈشتى، ئۇنى ئاز دەپ جانىجىگەر ئوغلىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. داغ - ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى. يىللار ئۆتتۈۋەردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تۇغ - ئەلەم كۆتۈرگەن تاۋابچىلارغا ئەگىشىپ تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان مەشھۇر مازار «ئوردىخان پادىشاھىم» غا باردى. قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك خانىقادا ئەلقاتارى تىلاۋەت قىلدى. لېكىن ئۇ خۇدادىن ئۆزدىگە

نېمە تىلەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. داشقازاننىڭ چالا قايىنىغان ئۈممىچىنى ئىچتى. «دوست بولىقىم» نىڭ شىپالىق سۆيگىنىمۇ ئېغىز تەگدى. سەرسانلىق تۇرمۇش تۈپەيلى جۇلجۇل كىيىم ئىچىدە سېھرى كۈچىنى يوقاتقان بولسىمۇ، گۈزەللىكى ساقلىنىپ قالغان بەدىنىنى قۇمغا كۆمدى. باخشىلار سان - ساناقسىز ياغاچ - بادىرلاردىن ياسىلىپ، ئۈچى پەلەككە تاقىشاي دەپ قالغان مۇنارغا يامىشىپ چىقىپ ئالا - يېشىل توغ - ئەلەملەرنى باغلىماقتا ئىدى. جانان ھەيرانلىق، قورقۇنچ ۋە نامەلۇم ئۈمىد ئىلكىدە تۇرۇپ مۇنارغا كۆز تىكەتتى. ئەتراپنى سانسىز داپلاردىن چىققان ئاۋازلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

- خېنىم ... ئۇ ... ئۆزلىرى ...

- تىلەمچىمەن، - جانان قىسقا ساقاللىق، قىسماق كۆزلۈك باخشىنىڭ نەشە كەيپىدىن سارغايغان يۈزىگە قاراپ قويدى.

- ياق، تىلەمچى ئەمەس، سىلى ... سىلى ئەسلىدە، ئەجەبمۇ ... - باخشى چىرايلىق كۆزلەرگە، خۇشپىچىم بەدەنگە تىكىلىۋېتىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. دولىسىدىكى خورجۇننى جاناننىڭ ئالدىغا تاشلىدى، - ھېلى كېلىمەن ...

باخشى مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. جانان ناتونۇش، خەيرىخاھ باخشىنىڭ ئامانىتىنى نامازدىگەرگىچە ساقلىدى. قورسىقى ئاچتى. خورجۇننىڭ بىر كۆزىدە قانداقتۇ قېلىن، چەت - چۆرىلىرى قىيىلغان، پەرمۇدەكىتابلار بار ئىدى، يەنە بىر كۆزىدە بولسا قاتلىمىمۇ، زاغرىمۇ، قۇيماقمۇ بار ئىدى، بىراق ھەممىسى پارچە - پۇرات، قېتىپ كەتكەن يېپەكلىكلەر ئىدى. «ئۇمۇ دېۋانىكەنغۇ، مەنمۇ ... يەي، ئۆلمەسلىنىك ئۈچۈن ... ئۆلسەممۇ مەيلى، ياق، ئوغلۇم قۇربانجاننى ئىزدەپ تېپىپ بىر كۆرۈۋېلىپ ئاندىن ئۆلەي ... باخشىنىڭ نېنى ...»

باخشىمۇ ھوشيار ئىكەن. ناماز شام ۋاقتىدا جاناننى قۇملۇقتىن تاپتى. تاۋاب ئاخىرلاشتى. جانان باخشىغا گەپ - سۆزسىز، ئەھدىسىز ئەگەشتى. قۇملۇقتىن چىقىپ، يۇرت كۆرۈنەي دەپ قالغاندا باخشى ئۆزىچە گەپ قىلدى:

- ھە، دېمىشمەپتۇق، ئېتىم ئەمەت ئاخۇن، رەھمەتلىك دادام ئۇدۇمنى بەرگەن، باخشىمەن، ئەمگە، شامالغا، سېرىق كېسەلگە ئوقۇيمەن، ھە، ئەمدى سىلىنى نەدىن... ئات، يۇرت...

- قۇۋانخان، - جانان نېمە ئۈچۈن يالغان ئېيتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، - باشپاناھسىز يېتىممەن، يۇرت، ئاتا - ئانا دېگەنلەرنى بىلمەيمەن.

- خۇدايىم بىزنى تېپىشتۇرۇپتۇ، يولىمىزنى بىر قىپتۇ.

ئىككىيلەن تەكلىماكان قىرغىقىنى بويلاپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەھەللە - قىشلاقلارنى ئارىلاپ كېتىۋەردى. خورجۇن ئارتىلغان ئېشەك ئالدىدا ماڭاتتى. ئەمەت باخشى ھەر بىر مەھەللىگە كەلگەندە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان گەردىشىگە تۆمۈر ھالقىلار بېكىتىلگەن يوغان دېپىنى داراڭلىتىپ چېلىپ سازا قىلاتتى، جانان كىشىلەر بەرگەن سەدىقىنى خورجۇنغا سالاتتى. ئەمەت باخشى بەزىدە بىرەر ھاجەتمەننىڭ ئۆيىدە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ كېسەللەرنى ئەمەلەيتتى. ئىككىيلەن بەزى كۈنلىرى ئاي دالادا، بەزى كۈنلىرى كونا تاملارنىڭ تۈۋىدە، بەزىدە بىرەر ساۋاب ئىزدىگۈچىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى. دۇنيا پايانسىز - كەڭ، يول بولسا بەكمۇ - بەكمۇ ئۇزۇن

ئىدى. كۈن - تۈن ئالمىشىپ تۇراتتى. ۋاقىتنىڭمۇ چېكى يوق ئىدى. يول داۋام قىلاتتى. ئۇلارغا بوران - يامغۇر، ئاپتاپ كار قىلمايتتى. ئىككى يولۇچى بىر - بىرىگە ھەمدەم، مېھرىبان ئىدى، شۇڭا جانان ئۆز ھەمراھىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى.

ناھايەت ئۇ، مەنزىلگە ئاز قالدۇق، دېگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەمەت باخشىنىڭ ھەۋەس-ئارزۇلىرىغا بويسۇنۇپ ئاياللىق مۇھەببىتىدىن ئىلتىپات كۆرسەتتى. شۇندىن كېيىن... ئاخىرى ئىككىيلەن ئوت دېڭىزىغا كىرىپ كېلىشتى، بۇ - تۇرپان ئىدى. ئوت جانانىڭ پۈتكۈل جىسمىنى كۆيدۈرەتتى، ئۆرتەيتتى، كاۋاب قىلاتتى، ئۇنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرىدىن: «ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!» دېگەن پىغانلىق نىدا، داد - پەرياد ساداسى ئېتىلىپ چىقاتتى.

— ئاز قالدۇق، چىدىسىلا خېنىم، ئەنە تاغ، ئاۋۇ غار ئەسھابۇلكەھفنىڭ. ئۇخلاۋاتقان ئەۋلىيالار بۇ كەمگىچە ئويغانمىغاندۇ. سىلىنى شۇ ئۇلۇغ ئەۋلىيالارغا سېغىندۇرىمەن. 40 كۈن تائەت - ئىبادەتتە ئولتۇرىمىز، ئەۋلىيالىق ماقامىغا يېتىشىمىز، سىلىمۇ ئەۋلىيا بولىلا، ئاغزىلىرىدىن قانداقلىكى سۆز چىقسا، كۆڭۈللىرى نېمىنى خالىسا... شۇ ئۇيان - بۇيان بولماي ئىختىيارىغا چىقىدۇ.

— ئۇ ئەۋلىيالار قاچان، نەدىن كېلىپ قالغان؟ نېمىشقا ئۇخلايدۇ؟

جانانىڭ سادىدىللىق بىلەن سورىغان سوئاللىرىغا ئەمەت باخشى خېلىلا قىزىقارلىق ھېكايە بىلەن جاۋاب بەردى:

— بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ناھايىتى زالىملىق بىلەن يۇرت سوراپتۇ. ئۇنىڭ زۇلمىغا چىدىيالمىغان سەككىز يىگىت دەقيانۇسنىڭ مەملىكىتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا بىر ئىت ئەگىشىپتۇ. يىگىتلەر ئۇزاق يول يۈرۈپ ئاخىرى مۇشۇ دىيارغا كېلىپ غارغا يوشۇرۇنۇپتۇ. يول ئازابىدىن قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە ئۇلار ئۇخلاپ قاپتۇ، شۇ ئۇخلىغانچە 300 يىلدىن ئارتۇق ئۇخلاپ ئاندىن ئويغىنىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تۈگەپتۇ. يىگىتلەرنىڭ بىرى يانچۇقىدا قېپقالغان تەڭگىلەرنى ئېلىپ تۇرپان شەھىرىگە كېپتۇ. ئۇ چاغدا تۇرپان - ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەپ ئاتىلىدىكەن. يىگىت تەڭگىنى بىر ناۋايغا تەڭلەپتۇ. ناۋاي يىگىتنىڭ گېپىنى ئۇقالماي بىر تىلماچ چاقىرتىپتۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا تىلمۇ، يېزىقمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتىكەن. يىگىت تىلماچقا نان سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، تىلماچ ئۇنىڭ گېپىنى ناۋايغا ئۆرۈپ بېرىپتۇ.

— بۇ تەڭگە دەقيانۇس زامانىدىن قالغان پۇلكەن، — دەپتۇ ناۋاي، — ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتتۇپتۇ، بۇ تەڭگىلەر ئۆتمەيدۇ. ئىدىقۇت شاھىنىڭ پۇلى بولسا نان سېتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. يىگىت كونا تەڭگىلىرىنى يېڭى پۇلغا تېگىشىمەن، دەپ يۈرۈپ غارغا قايتالماپتۇ. ھازىر غاردا يەتتە يىگىت - يەتتە ئەۋلىيا بار، ئىتمۇ بار. شۇندىن كېيىن كىشىلەر يەتتە ئەۋلىياغا يەنى ئەسھابۇلكەھفكە سېغىنىدۇ، تاۋاب قىلىدۇ. مەسىلەن... ئىككى قات ئاياللار يەتتە ئەۋلىيانىڭ ئىسمى - نامى يېزىلغان قەغەزنى سول بېقىنىغا ئېسىۋالسا تۇغۇتى يەڭگىل، ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. تۇغماس ئاياللار غارغا كىرىپ قولىغا نېمە چىقسا شۇنى «بىسمىللا» دەپ يۇتۇۋەتسە پەرزەنت كۆرىدۇ. ئاللاتائالا ئاشۇ ئەۋلىيالار توغرىسىدا «سۈرەكەھف»نى نازىل قىلغان. بۇ سۈرە قۇرئاندا بار، مەسىلەنكىم...

غارنى، ئەۋلىيالارنى كۆرمەي تۇرۇپلا جانانىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى، قەلبىنى ئاچچىق، ئازابلىق بىر تۇيغۇ ئېزىشكە باشلىدى. ئۇ ياشلىقىنىڭ، قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ شېرىن بەختى ئىلكىدە ھېچقانداق مازار - ماشايىقلارغا، ئەۋلىيالارغا سېغىنماستىنلا ئىككى قات بولغان ئىدى، تۇغۇتمۇ ئوڭۇشلۇق بولغان ئىدى. ھازىر بولسا ئۇنىڭغا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، بىراق، ئاللانىڭ قۇرئاندىكى سۆزلىرى ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسھابۇلكەھفنى ئەلۋەتتە تاۋاب قىلىش لازىم. ئۇلۇغ ئەۋلىيالار ياتقان ئەزىز ماكاندا قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتقان مۇشۇ خاسىيەتلىك، ئۇنتۇلماس مىنۇتلاردا ھەر قانداق غەيرىي خىياللاردا بولۇش ناشۇكۇرلۇك، بەتبەختلىك.

باخشىنىڭ دېگەنلىرى جانانىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. غار ئىشىكىدە تاشقا ئايلانغان ئىت ھېلىمۇ بېشىنى ئالدى پۇتلىرى ئۈستىگە قويۇپ ياتاتتى. غار ئىچى ئادەم قورقىدەك دەرىجىدە ۋەھىمىلىك، سۈرلۈك، قاراڭغۇ ئىدى. جانان ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئەگەر غارغا كىرىپ - چىقىۋاتقان تاۋابچىلار بولمىغان بولسا، بۇ تىلسىماتلىق ماكان جانان ئۈچۈن ئونسەككىز مىڭ ئالەمنىڭ سىرتىدىكى ئۆزگىچە، خىيالىي دۇنيادەك بىلىنگەن بولاتتى. غارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى جانانىنىڭ قورقۇنچىسى كۈچىيەتتى. ئۇ تىرىك ئەۋلىيالارنى ئەمەس بەلكى تاشقا ئايلانغان ئادەملەرنى كۆردى. ئاجايىپ سىرلىق مەنزىرىلەر ئۇنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. غاردا دەرۋىش، زاھىد، باخشى - داخان، ھاجەتمەنلەر كۆپ ئىدى. جانان ئۆزىگە خەيرىخاھ باخشىدىن باشقا ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. ھېلىلا ئويغىنىدىغاندەك بىر قىياپەتتە ياتقان تاش ئادەملەر تاۋابچىلارغا نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك تۇيۇلاتتى. غارنىڭ ئىچى - سىرتىدا كېچە - كۈندۈز زىكرى - سama، ھۆكمەت - تەلقىن توختىمايتتى. داپلارنىڭ قاتتىق، جاراڭلىق ئاۋازى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن دەريا - دەريا ياشلار تۆكۈلەتتى. يۈرەكلەرنىڭ قات - قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان ئۈمىدلىك نىدالار، تەلەپ - ئىلتىجالار غار ئىچىنى زىلزىلىگە سالاتتى. ئەمما ئەۋلىيالاردىن ھېچقانداق سادا چىقمايتتى، ئۇلار ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. ئاشۇ سىرلىق، ئاجايىپ مەنزىرىلەرنىڭ تەسىرىمۇ ياكى... ئىشقىلىپ جانانىنىڭ كۆڭلى ئايىنىشقا باشلىدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، بېشى قېيىپ، پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاخىرىدا قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى دەرھال سەزدى. ئۇ تۇنجى قېتىم داۋۇت بىلەن توي قىلىپ ئاز ئۆتمەيلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى... شۇلارنى ئويلىغاندا قانداقتۇ نامەلۇم بىر دەھشەتلىك كۈچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېزىپ مىجىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە نە ئەسھابۇلكەھف - ئەۋلىيالار، نە غار، دۇئا - تىلاۋەت... دېگەنلەر كۆرۈنمىدى. جانان دۇئا - تىلاۋەتنىڭ خاسىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى تۇرپانغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ كۆڭۈلچەكلىك قىلغىنى ئۈچۈن ھاياتتا ناھايىتى زور خاتاغا بول قويغانلىقىنى سەزدى، بۇ «ئوردىخان پادىشاھىم»دىكى دۇئا - تىلاۋەتنىڭ خاسىيىتىمۇ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. جانان يېرىم بېھۇش بولۇپ جاننى قاقشىتىدىغان قاباھەتلىك چۈش ئىچىگە شۇڭغىدى.

ئىز ئەۋەل قىتيەتۇ ئىلەلكەھفى پەقالۇ
رەببەنا ئاتىنا مىنلەدۇنكە رەھمەتەن
ۋەھەييۇلەنا مىن ئەمرىنا رەشەدەن

، پەزرەبىنائەلا ئازانىمەم ① ...

جانان غوۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزلىرىنى ئاچتى. ئەۋلىيالار ياتقان تەرەپتە ئولتۇرغان سەللىلىك كىشى قۇرئاننى ئالدىدىكى تاش ئۈستىگە قويۇۋېلىپ «سۈرە كەھف»نى ئالدىرىماي ئوقۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى بوغۇق، خىر-خىر ئاۋازىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ تەپسىر قىلاتتى:

... ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھجاي قىلىۋالدى. ئۇلار دېدىكى: پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن.

— يىل كەھفنى سېنى نە ئەدەدىن ② ...

— ئۇلارنى بىز غاردا ئۇزۇن يىل ئۇخلىتىپ قويدۇق.

جانانىنىڭ ئىچ-باغرى ئۆرۈلگىدەك بولۇپ ئولتۇرالماي ئالدىغا دۈم چۈشتى.

— باخشى — دېدى بىر كۈنى جانان ئىككىسى خالىي قالغاندا، — سىلى ئەۋلىيانى يەتتە دېگەنتىلە، يالغانكەنغۇ؟

— مەسىلەنكىم... قانداق؟

— قۇرئاندا، بەزىلەر: «ئۇلار ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، بەزىلەر: «ئۇلار يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتىدۇر» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلارنىڭ سانىنى پەرۋەردىگارىم ئوبدان بىلىدۇ، دېگەن ئايەتلەر بار ئىكەن، سىلى زادى نەچچىلىكىنى ئېنىق كۆرەلىدىلىمۇ؟

— ھىم... — باخشى ئەۋلىيالار ياتقان قاراڭغۇ بولۇڭغا-غارنىڭ ئىچكىرىسىگە قانچە قېتىم قارىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئاللا تائالانىڭ سۆزىگە، ھۆكمىگە ئىشىنىش كېرەكقۇ-ھە؟

— ئارى، ئارى، — باخشى كەمسۆز، ئىتائەتمەن ھەمراھىنىڭ بۇنچىلىك زېھنى ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى، — سىلىمزە... ۋاي... رەڭگىلىرى ئاجايىپ... مىجەزلىرى يوقمۇ-نېمە؟ — باخشى جانانىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك دىققەت بىلەن تىكىلدى.

— مىجەزىم... ھە، بويۇمدا بار.

— مانا،... مانا... ئەسھابۇلكەھفنى تاۋاب قىلغانىنىڭ خاسىيىتى ئەمەسمۇ؟ بۇ ... خوش ئەمدى... نىكاھ غايىب، نىكاھ ئىسسىق، خوش... ئىككىمىز ئەمدى...

دۇنيا چەكسىز ئىدى، يولمۇ ئۇزۇن ئىدى. بىپايان زېمىن ۋە ئۇنىڭ تومۇرى بىر ئۆمۈر ماڭسىمۇ يەتكىلى بولمايدىغان يىراق ئۇپۇقىچە تۇتىشىپ تۇراتتى. چۆل-جەزىرە، بوستانلىق، يەنە چۆل... كۈن بىلەن تۈن ئالمىشىپ تۇراتتى. بوران، يامغۇر، ئاپتاپ، سوغۇق-زېمىستان... جانان ئېشەككە مىنگەن، ئەمەت باخشى بولسا دېپىنى داراڭلىتىپ، تەلقىن ئوقۇپ ئېشەكنىڭ كەينىدىن كېلەتتى. يۇرت-سەھرانىڭ قوينى كەڭ، نېمىتى مول ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جانان بىر ئوغۇل تۇغدى.

— نەۋرەمگىلا ئوخشايدىكەن بۇ ئوغلۇم.

— سىلىنىڭ نەۋرىلىرى بارمۇ؟

— بولمامدىغان. ئوغلۇم داۋۇت ئاخۇن يۇرتتىن قاچقىپ چىقىپ كېتىپ تۇغقىنىمىزنىڭ يېنىدا پاناھلىنىپتۇ، شۇ يەردىن جانان

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە كەھف، 9-ئايەت. ② «قۇرئان كەرىم»، سۈرە كەھف، 10-ئايەت.

دەمدۇ بىر قىزنى ئاپتىكەن... ھازىر...
— جانان!... — جانان ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتى، — جانان دېدىڭمۇ؟ نەۋرىلىرىنىڭ ئېتى قۇربان — شۇنداقمۇ؟
— سىلى قانداق بىلىلا، قۇۋانخان.
— شۇ جانان دېگىنى مەن...
— ئاھ، خۇدا!... توۋا قىلدىم، مەن گۇناھكار ...

ئەمەت باخشى شۇ كېچىسى جاناننى تاشلاپ قاچتى. جانان شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بوۋىقى بىلەن قالدى. ئۇ داۋۇتنى، ئوغلى قۇربانىنى، ئالدامچى، مۇناپىق باخشى ئەمەتنى ئىزدەپ جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ — پۇچقاقلىرىنى كەزدى.

— ئىت كۈنىنى كۆردۈم. سەن تاپقان بالا قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى. كېيىن ... — جانان خوجا پەقىردىدىن خوجام مازىرىدىكى چوڭ گۈمبەزنىڭ ئىچىدە ئەمەت ھاجىغا ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكتە ئىدى، — بۇرۇن ساراڭ ئىدىم، دىۋانە ئىدىم، بىر قىسمىتىم ساڭا يولۇقتۇردى، ساڭا يىپسىز باغلاندىم. تۇرپانغا ئېلىپ باردىڭ، ئەۋلىيالىق ماقامىغا يەتتىم، يەنە سەرسان بولدۇم. قېنى باخشى، دېگىنە، سەن نېمىكەنسەن؟
— مۇناپىقكەنمەن.
— ئىمان بارمىكەن سەندە؟
— ياق، بوۋى مەن ئىمانسىز، مەن دوزىخى!
— ئۆل! دوزاختا كىر!... — جانا بوۋى گۈمبەزدىن چىقىپ قەبرىلەرنى ئارىلاپ چوڭ يولغا چۈشتى.

* * *

كۈزنىڭ ئاچچىق، ئىزغىرىن شامىلى غازاڭلارنى ئۇچۇرتاتتى، دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرى بوش ھۇۋۇللايتتى، سوغۇق خېلىلا قاتتىق ئىدى. جانا بوۋى كېچىچە ئۇخلىمىدى. ئىدارىلارنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى بىرمۇبىر ئايلىنىپ، ئىشىكلەرنى قېقىپ، ۋارقىراپ كىشىلەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزدى. مانا ئەمدى ئۇ كوچىمۇ - كوچا ئايلىنىپ، ئىدارە دەرۋازىلىرىنى چالاقشىتىپ، ئىشخانا ئىشىكلىرىنى تېپىپ، بىرىنى تىللاپ، بىرىنى كولدۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا نېپىز قارا گىرىپ كۆڭلەك بىلەن پۇشقىقى كەڭ، قىسقا تامباللا بار ئىدى. كۆڭلەك قىسقا ھەم تار بولغاچقا ئۇنىڭ كەڭ يەلكىلىرى، ئەمچەكلىرى بۆرتۈپ چىققان ئىدى. كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ چوغدەك يېنىپ چاقناپ تۇراتتى. ئوچۇق پاقالچاقلىرى، يالىڭاياغ پۇتلىرى سوغۇقنىڭ كۈچىنى قىلچە سەزمەيتتى. ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز توختايتتى. قۇربان داۋۇت! — دەپ ۋارقىرايتتى ۋە بۇ ئىسمىنى خېلى يەرگىچە تەكرارلاپ باراتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان بىرسىگە ئېسىلاتتى، نۇرۇپلا كۆزى چۈشكەن بىرسىنى قوغلايتتى، توختاپ: «ئوت كەتتى! ئوت كەتتى، ھۇم، ھۇم...» دەپ چۇقان سالاتتى. تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا، ئېگىز بىنانىڭ بۇرجىكىدە ئالىم دەلدۈش نەيچىلەپ ئولتۇرغان تاماكىسىنى ئىشتىھا بىلەن شوراۋاتتى، تاماكا ئىسى بىلەن قوشۇلۇپ نەشە ھىدىمۇ تارقىلاتتى. ئۇ جانا بوۋىنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلىدى - دە، دەلدۈگۈنۈپ قوپۇپ يان كوچىغا بۇرۇلدى.
— ھۇم! ھۇم! ... قۇربان داۋۇت! توختا! ھۇم، تازا ھۇم! — جانا بوۋى ئاجايىپ تېزلىك بىلەن ئالچاڭلاپ يۈگۈردى، كۆڭلەككە پاتماي قالغان ئەمچەكلىرى تىترەپ — سىلكىنەتتى، چۇۋۇق چاچلىرى سوغۇق شامالدا لەپىلدەپ ئۇچاتتى:
— ئاناڭدىن تاندىڭمۇ؟... لۈكچەك...
جانا بوۋى ئوغلىغا يېتىشىۋېلىپ قولىقىدىن

تۈتتى. — نەگە قاچىسەن؟ مەن كىم؟ خەلچەك ئاش - نان بەردەمۇ؟ ئىسسىق ئورۇن سېلىپ بەردەمۇ؟ تاللىمىغاندۇ؟

ئالىم دەلدۈش كېيىپ ئىدى. كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھەممە سوئاللارغا ئوخشاشلا بېشىنى گىلدىڭلىتاتتى. جانا بۇۋى ئۇنى ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

جانان دەسلەپ بۇ يۇرتقا پەيدا بولغاندا پەقەت ھوم، ھوم، ئوت كەتتى، دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى. كېيىن ئۇ ئالىم دەلدۈشنىڭ ئۆز ئوغلى قۇربان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ تەكرارلايدىغان بولدى ھەمدە ئالىم دەلدۈشنى ئوبدان باقتى، تاپقىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، لېكىن ئالىم دەلدۈش ئانىسىنى كۆرگەن ھامان قاچاتتى.

جانا بۇۋى ئالىم دەلدۈشنى گۆش دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمەت ھاجىنىڭ قىرقى تۇشمىغاچقا، داۋۇت قاسساپ بېلىدىكى ئاقنى تېخىچە ئېلىۋەتمىگەن ئىدى.

— مۇناپىق! باي مۇناپىق! ئوغلۇڭ قايسى كويدا يۈرۈيدۇ؟ قارىغىنا بۇنىڭ تۇرقىغا. ھە، بۇنىڭ ئېتىنى نېمىشقا ئالىم دەپ ئۆزگەرتتىڭ؟ ئالىم بولسۇن دەپمۇ؟ قاراپ باقە، ئالىم بولۇپ يېتىشتىمۇ؟ ياق، ئۆز پوقىنى ئۆزى مىجىپ يەپ يۈرۈيدىغۇ. بۇچۇ، بۇ، قېرى جالاپنىڭ خەلچەكنىڭ، ئۈچ بالاڭنىڭ بەختىنىڭ قۇربانى بولدى، شۇنداقمۇ؟ ئۆگەبىلمەي باقسا، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم بولسا يامان بولامتى؟ ئەمدى داداڭنىڭ قىرىق نەزىرىسىدە بىر قوينى ئارتۇق سويۇپ بۇنىڭ قۇربان دېگەن ئېتىنى ھەققە جاكار قىل!

— ماقۇل، ئەۋلىيا خېنىم، چەزمەن...

— ماڭ، ئوغلۇڭنى ئۆيگە ئاپىرىپ ئىسسىق چۆمۈلدۈرۈپ قوي، شورپا سېلىپ ئىچكۈز، گۆش يېگۈز، مەستلىكى يېشىلسۇن، ئارام ئالسۇن، نېمە، دۇكان؟... دۇكانغا مەن ئىگە، گۆشنى ئۆزۈم ساتىمەن.

بۈگۈن جانا بۇۋىنىڭ ئېسىرى قوزغىلىپ ئەلپازى يامانلاشقان ئىدى، كۆزلىرىدىمۇ بىر خىل بېسىپ بولماس دەھشەتلىك كۈچ - قورقۇنچلۇق كۈچ - قۇدرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھودۇقۇشىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان داۋۇت قاسساپ بىر ياتا گۆشنىڭ يېرىمىنى كەستى - دە، ئالىم دەلدۈشنى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە كەتتى.

— كېلىڭلار خالايىق! ھالال پۇلۇڭلارغا ھارام گۆش بېرىمەن، كېلىڭلار، ھوم! ھوم!... ھارام گۆش، ئوت كەتسۇن ھارام دۇنياغا! ئوت كەتسۇن!

جانا بۇۋى پالتىنى ئېلىپ كاناردىكى گۆشنى چاناشقا باشلىدى، پىچاق بىلەن كەستى، قولىغا چىققان ھەر بىر پارچە گۆشنى ئۇدۇللۇق پوكەي سىرتىغا ئاتاتتى، ئاخىرىدا پالتىنىمۇ، پىچاقنىمۇ تالاغا چۆرىدى، تارازىنىڭ چوكىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى. دۇكان ئالدىغا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ئولاشتى. جانا بۇۋى: «ھوم! ھوم! ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرايتتى، يىغلايتتى، يۈزلىرىنى كاچاتلايتتى، تارمىلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى، ئاھ ئۇراتتى، داد - پەرياد كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك پىغان - زارى قاراپ تۇرغانلارنىمۇ تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. كىشىلەر پەقەت بۈگۈنلا ئۇنىڭ ساراڭمۇ، ئەۋلىيامۇ ئەمەسلىكىگە بەلكى ئۇنىڭ ھاياتتا دەھشەتلىك خورلۇقلارغا، ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچرىغان دەردمەن، ئاجىز ئايال ئىكەنلىكىگە ئىشىنىۋاتاتتى. جانا بۇۋىنىڭ سۆزلىرى ساراڭلارنىڭكىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا داۋۇت قاسساپ پەيدا بولدى:

— بوۋۋىدم، ئەۋلىيا خېنىم، قانداق ئىشلىرى بۇ؟ سىلىنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىماي دادامۇ بىمەھەل قازا قىلدى، ھەر قانچە گۇناھىمىز بولسىمۇ ئەمدى تۈگىگەندۇ؟ ئەمدى ماڭا، باللىرىمغا كۈن بەرسىلە، باللىرىمنى باققىلى قويسىلا.

— گۇناھىڭ تۈگىمەيدۇ، ھارام دۇنيانى خەجلەپ كۈن كۆرمەكچىمىڭ؟ ياق، سەنمۇ ئۆل! يوقال! بۇ يەرنى، بۇ زېمىننى ناپاك ئايىغىڭ بىلەن دەسسىمە، ئۆل، گۆرۈڭ كۆيگۈر! . . .

داۋۇت قاساپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ يىغىسىمۇ تەسىرلىك ئىدى. ھېلىقى كۈنى ئۇ دادىسى ئەھمەت ھاجىنى گۇمبەزدە دۈم ياتقان يېرىدىن تېپىپ، دوختۇرخانىغا ئاپاردى. ئەھمەت ھاجىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ئىدى، بەدىنى پالەچ ئىدى. شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىغىمۇ ئاپىرىپ ياتقۇزدى. داۋۇت قاساپ دادىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىلكىدىكى بارلىق ۋەسلى - بىساتىنىمۇ خەجلىۋېتىشكە رازى ئىدى، بىراق جانانىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغان بىر كوزا ئالتۇننىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقانلىقىغا قارىماي، شۇنچىلىك كۆپ دەپمۇ - دۇنيانىڭ قۇدرەت كۈچى، قىممىتى ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئەھمەت ھاجى ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر جانا بۇۋىدىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان، قورقىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

داۋۇت قاساپ يىغىدىن توختاپ ئەتراپىغا سەراسىمىلىك نەزەردە تىكىلدى، جانا بۇۋى كۆرۈنمەيتتى، ئەمما قايسىبىر كوچىدىن ئۇنىڭ قارغىش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ياردەملىشىپ توپىغا مىلەنگەن گۆش پارچىلىرىنى تېرىپ دۇكانغا ئەكىرىپ بەردى. داۋۇت قاساپ پېشانىسىنى تۇتقىنىچە ئېغىر قايغۇغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، خىياللىرى ئاچچىق، ۋەھىمىلىك ئىدى.

خېلى يىللار ئىلگىرى، داخېيەندىن ماي توشۇۋاتقان تراكتورلار كۈن پاتاي دېگەندە كوچاغا يېتىپ كېلىشتى، ھەممىنىڭ ئالدىدىكى تراكتوردىن داۋۇت چۈشتى.

— تاماق يەيلى.

— ھاردۇق، چارچىدۇق، قونۇپ ئەتە يولغا چىقايلى، — دېيىشتى باشقىلار.

— كېچە غېرىبىنىڭ - دەپتىكەن، — دېدى داۋۇت، — يول كېچىدە ئاۋۇيدۇ.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقىشقا ھازىرلاندى، شۇ دەقىقىدە جانان ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ داۋۇتنىڭ ئالدىنى توستى.

— ماڭا پۇل بەر.

— نېمىشقا؟ — داۋۇت تەتۈر قارىۋالدى، — سېنى تونۇمىسام . . .

— مەن دىۋانە، شۇڭا تونۇمايسەن، — جانان ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىنى كۆرۈپ جەھلى قاتتى، — لېكىن ھېچبولمىسا ھېلىقى مۇنەكتىن بىرەر تال بەر، جېنىمنى جان ئېتەي.

— راست ساراڭكەن بۇ، مۇنەك دەيدىيا.

داۋۇت جانانىنىڭ ئېسىلغىنىغا قارىماي تراكتور كېپىنكىسىگە چىقتى - دە، ماتورنى ئوت ئالدۇردى، جانان تراكتورنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالدى.

— يۇرتقا بولسىمۇ ئالغاچ كەت، قۇربانجاننى سېغىندىم.

— سېنىڭ يۇرتۇڭ نەدە، مەن نېمىبىلەي، توسما ئالدىمنى، ساراڭ . . .

— يولدا بىر نېمىگە سوقۇلۇپ كېتەرسەن، ئىلاھىم! . . .

جانان شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى، بۇ ئۇنىڭ ئەمەت باخشىدىن ئايرىلىپ جاھانكەشتى بولۇپ يۈرگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشقان چاغ ئىدى. شۇ كېچىسى يولدا ھېچقانداق خەتەرلىك ھادىسە يۈز بەرمىدى، لېكىن ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۇ ھەيدىگەن تراكتورنى ئېغىر يۈكلۈك چوڭ بىر ماشىنا سوقۇۋەتتى، تراكتور ئاغدۇرۇلدى، باكتىكى سالىياركا تۆكۈلدى. داۋۇتنىڭ ئوڭ يوتىسى سۇندى، ئۇ مىڭ بالالىقتا يۇرتىغا ئېلىپ كېلىندى.

— ئېسىت، ئوغلۇم، قانداق قىلغۇلۇق؟ — ئەمەت باخشى نەشە كەيپىدىن كۆكەرگەن قېلىن كالپۇكلىرىنى چىشلىدى، — دوختۇرخانىغا ئاپارساق بولاتتى، پۇلىنىڭ ئىشى . . .

— دادا، دېمەي بولمىدى، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى مانتا ئۆرۈكنىڭ تۈۋىنى ئاۋايلاپ كولىغىن . . .

داۋۇت بەش ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقتى. ئاتا - بالا ئىككىسى توساتتىن بېيىغلى تۇردى. دادا داپىنى، بالا تراكتورنى تاشلىدى، تەييار پۇل، ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ئۇلارغا راھەت-پاراغەتنىڭ داغدام يولىنى ئاچقان ئىدى. ئاز ئۆتمەي جانان ئۇلارنىڭ يۇرتىدا پەيدا بولدى.

— دادا، بىز بۇ يۇرتتىن كېتىلى.

— نېمىشقا؟

— سورىما، بىز كەتمىسەك بولمايدۇ.

— سەۋەب ؟ . . .

— كۆرگەنسەن، ئاشۇ سارالڭ ئەسلىدە... كوزىنىڭ، ھېلىقى نەرسىنىڭ ئىگىسى . . .

— ھە، مەنمۇ ئۇنى ... ياق، مەن ئۇنى ئەسھا بۇلكەھفتە كۆرگەندەك قىلغان.

— ئۇ ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن ـدە، شۇڭا پۇتتۇم...:

— بەس، كېتەيلى ئوغلۇم.

ئاتا - بالا ئىككىسى ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، تۈگۈنچەكلىرىنى مەيدىسىگە تېڭىپ ئۇزاق يول يۈردى ۋە مۇشۇ ناھىيىگە كېلىپ پاناھلاندى، ئۆيلۈك يەر سېتىۋالدى، ئۆي سالدى. داۋۇت بىر بالىسى بار ئايال خەلچەمنى ئالدى. ئەمەت باخشى ۋىزا سېتىۋېلىپ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. داۋۇت قاسساپلىق دۇكىنى ئاچتى. ئەپسۇس... جانان بۇ يەرگىمۇ كەلدى. ئۇلار جاناندىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تىركىشىپ ياشاش نىيىتىگە كەلدى ۋە جانانىنى سارالڭ، دەپ تەشۋىق قىلدى، بىراق...

— ھەي ئالىم دەلدۈش، نېمە بولدۇڭ؟

— دۈمبەڭدە ئوت كۆيۈۋاتىدۇ-يا.

— ئىشتىنىڭمۇ كۆيۈپتۇ.

— چېچىڭ، ھەي ئالىم، چېچىڭ ... ئوت...

داۋۇت قاسساپ دىڭگىدە چۆچۈپ پوكەيكە ئېگىشىپ سىرتقا قارىدى، ئالىم دەلدۈش قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھەدەپ كىيىملىرىدىكى ئوتنى ئاندىن ئۆي تەرەپنى ئىماقلاتتى، بېشى توختىماي گىلدىڭلاپ تۇراتتى.

— ھۇم! ھۇم!... ئوت كەتتى! ئوت كەتتى!... ھۇم، ھۇم!... قۇربان داۋۇت! قۇربان داۋۇت...

جانابۇۋى دۇكان ئالدىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. سوغۇق كۈچىيىۋاتاتتى، ھاۋانى قار تۇمانى باسقان ئىدى، قار ياغىدىغاندەك قىلاتتى. جانابۇۋىنىڭ ئاۋازى يىراقلاپ بارا - بارا غايىب بولدى.

— ئۇستام! ۋاي داۋۇت ئۇستام، ئۆيلىرىڭگە ئوت ...

داۋۇت قاسساپ دەسلەپ پوكەي ئۈستىگە تاشلىنىپ كېيىن پەسكە بىراقلا غۇلاپ چۈشتى. جانابۇۋىنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان

دەپ كېلىۋاتقان «ئوت كەتتى»لەرى يىغىلىپ-
توپلىنىپ ئىنتايىن دەھشەتلىك، ياڭراق،
كۈچلۈك ساداغا ئايلىنىپ پۈتكۈل ئالەمنى
تىترىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئەمەلىيەتتە
داۋۇت قاساپنىڭ سېمىز، قوپال تېنى
تىترەۋاتاتتى. كىملەردۇر ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ
دەرۋازا ئالدىغا ئاپاردى. پىششىق خىشتا سې-
لىنغان، توققۇز ئېغىزلىق، جۈپ ۋاسىلىق، تام-
تورۇسلىرى نەقىشلەنگەن، زامانىۋى جاھازىلار
بىلەن بېزەلگەن كاتتا ئىمارەت لاۋۇلداپ
كۆيمەكتە ئىدى.

— ئالىم، ھەي دەلدۈش، ئوتۇن ھۆلكەن،
تۇتاشمايۋاتىدۇ، تۈگىدىن كىچىككىنە ياغ
ئەكىرگىنە.

خەلچەم ئۆگەي ئوغلىغا گۆش پىشۇرۇپ
بېرىش ئۈچۈن ئايۋاندىكى مەشكە ئوت
يېقىۋاتاتتى، بۇ ئىشنى تېخى بايىلا ئېرى
بۇيرىغان ئىدى. بىر نەچچە قېتىم يېقىلغان
ئوت پۈشۈلداپ ئىس تارتىپ زادىلا تۇتاش-
مىدى. ئالىم دەلدۈش مېھمانخانىدا قەغەزنى
نەيچىلەپ يۆگەۋاتتى.

— قېپ دەيمەن لەقۋا! گۆشنى پىشۇرسام
ئۆزۈڭنىڭ نەپسىڭگە تىقارسەن.

ئالىم دەلدۈش تاماكىسىنى شورىغاچ
دەلدەڭشىپ ئاران مېڭىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭى-
دىكى تۈگىنى كۆتۈرۈپ كىردى. خەلچەم
تۈگىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مەشكە — ئوتۇن
ئۈستىگە ماي قۇيدى، بىر تال سەرەڭگىنى
يېقىپ ماي ئۈستىگە تاشلىدى، گۈپ! قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر پاتمان ئوت مەشتىن
يۇقىرىغا ئېتىلىپ چىقتى. خەلچەم ۋاي،
دەپلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ئۇنىڭ قولىدىن
ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن تۈگىدىن بېنزىن
تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئالىم دەلدۈش تۈگىنى بىر
تېپىۋېدى، تۈلۈك سوزۇلۇپ بېرىپ مېھمانخانا
بوسۇغىسىدا توختىدى. ئالىم دەلدۈش تۈگىنى
ئېلىش ئۈچۈن بىر قەدەم مېڭىشىغا ئوتنىڭ
ئۆزىگە تۇتاشقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئوت
ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئەتراپقا ۋە تورۇسقا
قاراپ سوزۇلدى. ئالىم ئوت ئارىسىدىن
قېچىپ چىقتى، خەلچەممۇ...

بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئوت ئۆگزىگىچە
ئۆرلەپ چىقتى ۋە ئىزغىرىدىن، سوغۇق شامال
ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. «ھېچبولمىسا...
ساندۇقتىكى ئېرىق مال، پۇل چەكلىرى، نەق
پۇللارنى... ئاپىلا!...» داۋۇت قاساپ
ئاخىرىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا يەرگە
يىقىلدى، ھوشىدىن كەتتى. خەلچەم داد -
پەرياد سېلىپ يىغلايتتى، ئۆزىنى ئۇراتتى،
بالىلىرىمۇ يىغلاشماقتا ئىدى. گۈژ! قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ ھويلىدا كۆيۈۋاتقان ئوت
ئاجايىپ زور قويۇندەك تولغىنىپ كۆككە
كۆتۈرۈلدى، موتسىكلىت پارتىلىغان ئىدى.
ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشقا ئامال يوق ئىدى.
توپا، سۇ چېچىلدى؛ كار قىلمىدى، ئوت
تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۆيلەرنىڭ تورۇس-
لىرى، كۆيۈۋاتقان خا، جەگىلەر گۈمۈرۈلۈپ
چۈشتى. ئوت ئاسمانغا قاراپ تىللىرىنى
سوزدى، دەھشەتلىك يالقۇن... جانا بۇۋى
ئالىم دەلدۈشنى ئالدىغا سېلىپ كەلدى ۋە
پىر - پىر قىراپ: «ھۇم! ھۇم! قۇربان بالام
ئوت كەتتى! ئوت ... قۇربان ...» دەپ جار
سېلىشقا باشلىدى. كىشىلەر: «بۇ خوتۇن
راست ئەۋلىياكەن» دېيىشىپ ياقىلىرىنى
تۇتۇشتى، ئوت بولسا كۆيمەكتە، ئۇلغاي-
ماقتا ئىدى.

1991-يىل 26-ئاۋغۇست، ئاقسۇ

كىتاب ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ شوتىسى.

— گوركىي

كۆڭۈلدىكىدەك

كىتاب ئەقىل ئىدراك-

نىڭ ئاچقۇچى

— لېۋ تولستوي

[illegible]

— لېنىن

كىتاب


ئەقىل ئىدراك ۋە

قەلبنىڭ قانىتى

— گوركىي

[illegible]

— گاللى



كىتاب دۇنيانىڭ ئۆزۈقلۇقى

— شېكىسپىر

[illegible]


[illegible]

[illegible]


گوركىي


ئابدۇشۇكۇر كېرىم
سىزغان مەنزىرە
رەسىملەردىن تاللانما





ياش رەسسام ئابدۇشۇكۇر كېرىم





1 | 2 | 3

1. ئالتاي مەنزىرىسى
2. كۇنەس مەنزىرىسى
3. بوغدا مەنزىرىسى